

# نۆۋەتلك خانتەڭرى ئەدەبياتى مۇكاپاتى يغنى قارامايدا ئېچىلدى




قېيۇم فوتوسى



مۇھەممەتئىمن فوتوسى

# تەڭرىتاغ

**قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال**

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، ئىلمىي ئۇسلۇب

1993 - يىل 1 - سان


## مۇندەرىجە


ئەدەبىيلەرنىڭ جەننىتى ........ ئىمىن ئەخمىدى 103
«كىتابخانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەدەب» يا ئالىيىتىنىڭ نەتىجىسى... 107
ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ئىش ........ ئابدۇلئەھەت ئالىم 109


### ئەدەبىي ئاخبارات


بىچارىلەر ........ ئەھەت داۋۇت 1


### ھېكايىلەر


تەقدىرنىڭ چاقچىقى ........ ئىبرىز ساۋۇت 13
قارىغا كۆمۈلگەن قەبرە ........ ئۆمەر قادىر 40
ئەمالار ........ زۇلپىيە 91
پېنسىيىگە چىقىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ........ يارمۇھەممەت تۇرسۇن 93


### شېئىرلار


سۆيگۈ قەترىلىرى ........ مەمتىمىن بارى 10
ئارزۇلار چەكسىز، ھايات بىر جام ........ ئابدۇكېرىم مەخسۇت 11
شېئىرلار ........ ئابدۇرېھىم مەنسۇرى 12


### شېئىر ۋە باھا


ئايسىز ئايدىڭ ........ باتۇر روزى 21
«ئايسىز ئايدىڭ» ھەققىدە تەھلىل ........ ئەخمەتجان ئوسمان 25


### ئىلمىي ماقالىلەر


شائىرنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغىنى ........ مەتتۇرسۇن ئېلى 28

## شېئىرلار، سىناق پارچىلىق

غەيرەت غوپۇر، ئەركىن نۇر، ئادىلجان تۇنىياز، كېرىمجان سۇلايمان،
ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم، ئۆمەرجان توختىروزى، مۇسا ئەھمەت، ئەخمەتجان
ئىسمايىل، ئابدۇقادىر ھاشىم، ئىسمايىل قاسىم، ئېلى ساھىت .......... 30

## نەسرلەر

نەسرلەر .......... ئەسئەت ئابدۇقادىر 55

## «غەزەلسە نىمە ھېكايىلەر»

ئىككى ھېكايە .......... ئەسئەت ئەھمەت 58
تەن ۋە روھ .......... كۆرەشجان ئۆمەر 65
ئۇدار .......... ئېزىز نۇر 72

## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

ئانا باز .......... سان جون پېرىس 76
ئەخمەتجان ئوسمان تەرجىمىسى

## كىلاسسىكلىرىمىز

غەزەللەر .......... 96

مۇقاۋا 1-بەتتە: تىنچ جىسىم. رېنوئىر سىزغان (فرانسىيە).
بۇ ساندىكى قىستۇرما سۈرەتلەرنى تۇرسۇن ئىسھاق، ئىسمائىل ئىبراھىم ئىشلىگەن.

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مەسئۇل مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت






(ئەدەبىي ئاخبارات)

## ئەھەت داۋۇت

شەھەر مەكتەپلىرىدە قورسىقىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنى رازى قىلالىغۇدەك ئۆمىد-چىكىمىز بىلەن شۇ دەسمايىمىزنى چىقىر-ىپ بېرەلىگۈدەك مېتودىكىمىز بولسىلا ئوقۇتقۇچىلىق قىلماق ئانچە تەس ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىزگە تېپىپ بېرىدىغان خىلمۇ خىل ئاۋارىچىلىقلى-رىدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، شەھەرلەردە: «جېنىم مۇئەللىم، مەن داۋاملىق ئوقۇپ قالسام...»، «مۇشۇ بالامنىڭ كۆزى بىر ئېچىلىپ قالسا...» — دەپ پېشىڭىزدە ناماز ئوقۇش-قا تەييار ھاجەتمەنلەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان بولغاچقا، سىز گويا چۆپقەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ماللىرى يېتىشمەي قېلىۋاتقان بازىرى ئىتتىك ئوقەتچىدەك قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ خىزمەت ئىشلەيسىز.

ئەمما، يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىچۇ؟ ئىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس. ئايرىم دېھقان بالىلىرى باشلانغۇچنى پۈتتۈر-

دىمۇ، بولدى. ئوقۇش پۈتتى دېگەن شۇ. «ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش» دېگەننى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئوغۇل بولسا ئاشپەزلىك، موزدوزلۇق ياكى ياغاچچىلىق؛ قىز بولسا سەيپۇڭلۇق ياكى قول ئىلكىدە بار، ئىمانى كامىل، قاش - قاپاقلىرى جايىدىراق بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتقۇزۇش، دېگەندەك كېيىنلىكتە جان ئىگەك چۈشمەيدىغان بىرەر يول كىرىشىنىڭ كويىدا، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە، ئوقۇشقا قانماي ئىچىدە بوغۇلۇپ پارامۇش يېرىلىدىغان ئۈسكىلەك مايسىلارمۇ يوق ئەمەس. ئەمما، ئۇلارنىڭ يا ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار بولۇپ قالىدۇ، يا تەرسا ئاتىلارنىڭ: «بالىمىز چوڭ بولۇپ قالدى، ئازماس بىر ئالا، دەپتىكەن. ئەتە - ئۆگۈن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، چاتاقتىن بىرنى تېرىسا ئەھلى- خالايىق ئالدىدا يۈزىمىزگە سەت بولىدۇ. ساۋادىنى چىقىرىۋالدۇق، بولدى ئەمدى، ئوقۇپ ئاسمانغا چىقامتى!...» دېگەندەك ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى چۈشەپ قويىدىغان بىھۇدە خىياللىرى تۈپەيلى، داخاننىڭ بىرىرۇ تىمىسىغا كەتكەن كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك كۆزى ئېچىلماي تۇرۇپلا نادانلىقنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ، گۈزەل ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

يىلتىزى قىيىلغان دەرەخ كۆكلىمىگەندەك، ئوقۇغۇچىسى بولمىغان مەكتەپ قانداقمۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالىسۇن؟! نائىلاج، ئوقۇتقۇچىلار دەرسنى قايرىپ قويۇپ، ئائىلە سۆھبىتىگە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. يەرلىك خەلقنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ئەپەندىسى ئوقۇغۇچىسىغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر» بولىدۇ. ئائىلە سۆھبىتى قىلىپ، ئۆي - ئۆيلەرگە كىرگەندە بالىسىنى مەكتەپكە داۋاملىق ئوقۇشقا بەرسىلە مەيلىغۇ، سائەت - سائەتلەپ چۈشەندۈرۈشلەرگە جاۋابەن كىشىنىڭ ئالدى كەينىدىن دېيىلىۋاتقان تاپا - تەنىلەرنى دېمەمسىز، تېخى!

بۇ يىل كۇچا ناھىيىسىنىڭ خانىقتام يېزىسىدا «و يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش» خىزمىتى تولۇق غانىلىقتىن ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، يېزىلىق پارتكوم ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن پۈتۈن يېزىدىكى 17 كەنت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار كەنت ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەكتىپىمىزگە قوبۇل قىلىندى، بۇ كۈنلەردە مەكتەپ ئىچى گويا قايناق بازارغا ئايلانغانىدى. ئەسلى پىلانلانغان سىنىپلار يېتىشمىۋىدى، كونا ئۆي، ئارتۇق ياتاقلارنى رېمونت قىلىپ سىنىپ قىلدۇق، ئۈستەل - ئورۇندۇقلار يېتىشمىدى. بۇنىڭغا ئامال قىلالماي يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىغا دەردىمىزنى ئېيتىۋىدۇق، دەسلەپتە «ئويلىشىپ باقايلى» —دېدى. كېيىن: «ھازىرچە بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق، كېسەك تىزىپ، شال قويۇپ ئوقۇتۇپ تۇرۇڭلار!» —دەپ يوليورۇق بەردى. بۇ ئەھۋاللارنى ناھىيىگە ئىنكاس قىلىۋىدۇق، ھېچقانداق سادا بولمىدى.

ئامالسىز، ئورۇنىدۇق يېتىشمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردۇق، ئەمما، بۇنىڭغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى چىقتى: «بىز باشلانغۇچتا خىشتا قوپۇرۇلغان ئازادە سىنىپلاردا ئوقۇيتتۇق، ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلسەك زەيدەپ كەتكەن كونا سىنىپلارغا سولاپ قويۇشتى، باشلانغۇچتا يېپ-يېڭى ئۈستەل - ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتۇق، ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلسەك كېسەك بىلەن ئەسكى شالدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى. «ئوقۇمايمىز، ھونەر ئۆگىنىمىز» دېسەك مەجبۇرلىشىدۇ، مەكتەپتىكە كەلسە سىنىپ - ئورۇندۇقىنىڭ تايىنى بولمىسا، بولدى، كىم ئوقۇسا ئوقۇسۇن، بىز ئوقۇمايمىز» — دېيىشىپ يېڭى كەلگەنلەردىن بىر بۆلۈكى يامانلاپ كېتىشتى. مەكتەپ يەنە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، خىشتىن سېلىنغان يېڭى سىنىپلاردا ئوقۇۋاتقان يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى كونا سىنىپلارغا، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى سىنىپلارغا ئورۇنلاشتۇردى، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى تەلەپى ھەل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما يوقىلاڭ باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، مەكتەپتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشتى. دەسلەپكى دولقۇندا سىنىپلارغا سىغماي قېلىشقان ئوقۇغۇچىلار نەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا سا تەگكەن چۆجىلەردەك ئازلاپ، ئون نەچچىگە چۈشۈپ قالدى. كەنت خىزمىتى پارتىزان شەكلىدىكى خىزمەت، يېزىلىق ھۆكۈمەت قايسى خىزمەتنى چىڭ تۇتسا كەنت كادىرلىرىنىڭ دىققىتىمۇ شۇنىڭغا مەركەزلىشىدىغان بولغانلىقتىن، دەسلەپتە يولۋاستەك ھەيۋە بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىمىغانلىغا قويماي ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە ھەيدىگەن كەنت كادىرلىرى بۇ ئىشنىڭ ھورى بېسىقىپ، خىزمەتنىڭ يۆنىلىشى يولغا شېغىل ياتقۇزۇش ھاشىرىغا مەركەزلەشكەندە «مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش» — دېگەننى ئۇنتۇپ قېلىشتىمۇ، ئەيتاۋۇر، بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. دېمەك، ئېغىرچىلىق يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بالىلار شۇ قەدەر كەپسىز: سىز ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن تەربىيە بەرەلەيسىز. ئەمما، تەنقىدلىيەلمەيسىز. «دەرسنى نېمىشقا ئۆگەنمىدىڭىز؟ دەپ مۇلايىملىق بىلەن سورىيالايسىز، ئەمما، قاتتىق تېگىشكە قۇربىڭىز يەتمەيدۇ. سىنىپلاردا نۇل قويۇۋەتسىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك. «نەتىجەم چىقماي قالارمۇ؟» — دېگەن ئوي خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. سىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئورۇندۇقنى بوش قويماي ئولتۇرۇپ بەرگىنىگە خۇش بولماقتىن ئۆزگە چارىڭىز يوق.

بۈگۈن يۇقىرىقى ئىشلار مېڭەمنى ئايلاندۇرۇۋەتكەچكە روھسىز ھالدا ئۆزۈم مەسئۇل بولغان سىنىپقا دەرسكە كىردىم. دەرسخانىدىكى 50 كىشىلىك ئورۇندا كىيىم - كېچەك، قاش - كىرپىكلىرىنى ئۇن خالتىسىغا كىرىپ چىققانىدەك چاڭ باسقان 11 ~ 12 نەپەر ئوقۇغۇچى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ

ئولتۇراتتى. بۇ ھال كىشىگە گويا قاۋاننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان كۆمۈچە قوناق ئېتىزلىقىنى ئەسلىتەتتى. دەرسخانىغا ئەللىقلىق ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئىمكان قەدەر ئۆزۈمنى خۇشخۇي تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئەمما، دىلى سۇنۇق ھازىدار كىشى باشقىلار ئالدىدا ئۆز ھەسرىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىدا كۈلۈشكە ئورۇنسىمۇ كۆزلىرىدىن تامچىلاۋاتقان ھەسرەت ياشلىرىنى توختىتالمىغىنىدەك، دەرسخانىدىكى روھىي ھالىتىم بىلەن سۆز - ھەرىكىتىم بىر - بىرىگە ماسلاشماي بىزنى ئەتىلىك دەرسىمىزمۇ كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى.

دەرستىن چۈشۈپ، كۈندىكىدەك ئائىلە سۆھبىتى قىلىش ئۈچۈن ۋېلسىپىتىمنى كوچۇم مەھەللە تەرەپكە توغرىلىدىم.

بىر مەۋسۇم ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى تېخى ئەللىك پىرسەنتكە يەتمەيۋاتىدۇ. سۈپەتتىنغۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھەر قايسى دەرسلەردىن بىر - ئىككى باب ئۆتۈلۈپ بولدى، دېگەن بىلەن ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئۆتۈلگەن دەرستىن سوئال سورىسىڭىز تەلەپكە لايىق جاۋاب بېرەلەيدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۆزى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنى بىلەن تۈزۈكرەك ھۆججەت يازالمايدىغانلارمۇ چىقىدۇ - تېخى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەگىدىن تولىسى دەرس تۈگىتىپ ئائىلە سۆھبىتىگە بېرىۋاتقانلىقىتىن ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپلارنىڭ دەرسىمۇ ئۆتۈلمەي قېلىۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرىمۇ گاگىتىراپ قالدىمىكىن: «بىز زىيالىي تەربىيىلىمەيمىز، مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچى تەربىيىلىيەلمەيمىز. زورۇقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق» — دېگەنلەرنى ئاغزىدىن چىقىرىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كېيىنكىسى تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەركىن، ھەي!

— ھاۋ — ھاۋ!...

ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى خىياللىمنى بۆلۈۋەتتى. شۇنىڭدىلا مەھەللىگە كىرىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

قوش قانات دەرۋازىلىق كەڭ ھويلىدا ئېگىز بويلۇق، كەڭ ساقال، يۈزلىرىدىن قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان 65 ياشلار چامىسىدىكى بىر بوۋاي مەن بىلەن سالاملاشتى.

— قېنى ئۆيگە كىرىپ كېتىلى.

— بولدى دادا، كۈننىڭ تەپتى ئوبدانلا تۇرىدۇ، ھويلىدا ئولتۇرايلى.

مەن ئۆزرە ئېيتىپ، گۈللۈك پىشايۋاننىڭ ئاستىدىكى ئازادە كارىۋاتقا كېلىپ ئورۇن ئالدىم.

— ھوي ئانىسى، قېنى سىلە!

ساھىپخان مومىيىغا توۋلىغاچ ئالدىراپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ھويلىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئازادە ھويلىنىڭ ئەتراپى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان قورۇق تام بىلەن تورالغان، دالان ئۆينىڭ قارشىسىدىكى تامغا يانداپ يوغان بادىرا - ياغاچلار بىلەن قاشالنىپ ياسالغان ئېغىل، ئېغىلدا تۇلۇمدەك سەمرىگەن يەتتە - سەككىز كالا، كارىۋاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا دۈۋىلەپ قويۇلغان يىگىرمە نەچچە تاغار پاختا كۆزگە ئالاھىدە

تاشلىنىپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن خېلىلا بېيىغان ئائىلە ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

ئاڭغىچە 50 نەچچە ياشلاردىكى دوغىلاق، داستىخان كۆتۈرگەن مومای بىلەن بىر لېگەندە نەشپۈت كۆتۈرگەن بوۋاي ئۆيدىن ئوچۇق چىراي چىقىپ كەلدى. مومای بىلەن سالاملىشىپ، چايدىن بىرەر يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن، ئاردىكى قورۇنۇشنى تۈگىتىش ئۈچۈن يىراقتىن ئەگىتىپ، سۆزگە ئېغىز ئاچتىم:

— دادا، قارىغاندا ھال - كۈنلىرى ياخشىكەن، شۇنداقمۇ؟

— ئىنشائاللا، ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ھىممىتى، ئاندىن قالسا ئىنسابلىق بالىلىرىمنىڭ مېھنىتى بىلەن يامان ئەمەس كېتىۋاتىمىز.

— قانچە بالىلىرى بار؟

— تۆت ئوغۇل، بىر قىز.

— كېۋەزنىمۇ خېلى كۆپ تېرىغان ئوخشىمامىلا؟

— شۇنداق، يىگىرمە بەش مو يەرگە تېرىغان، بۇ ئىككىنچى تېرىشى.

— پاھ، پۇل دېگەننى يەشكىلەپ تاپىدىكەنلىدە!

— قادىر ئاللا بەرگەنتىنى بېرىپ قالسا، دېگەنلىرى نېسىپ بولار.

قاسساپقا گۆشنىڭ، مۈشۈككە تۆشنىڭ پارىڭى ياققاندەك دېھقانچىلىق ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدىكى بۇ پاراڭلار بوۋاينىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا سۆھبىتىمىز قىزغىن داۋام قىلدى:

— بالىلارمۇ قاتارغا قېتىلىپ قالغاندۇ؟

— ھەئە، يالغۇز قىزىمدىن باشقا تۆت ئوغۇلنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆۋادەك ھۈنىرى بار، دېھقانچىلىق مەزگىلىدە دېھقانچىلىق قىلىمىز. بوش ۋاقىتلاردا بالىلار ھۈنەر قىلىدۇ. چوڭ ئوغلۇم قاسساپ، ماۋۇ ئۆيلارنى شۇڭا بورداۋاتىمىز.

— مال - چارۋىلىرى بولا ئەمەستۇ؟

— خۇدايىم ئاماننىقنى بەرسە، تۇقايدا قوي - ئۆچكە بولۇپ، ئىككى يۈز ئوتتۇز چارۋام بار، قانداق، قىزىقىپ قالدىلىغۇ؟ ھا ... ھا ... ھا ...

بوۋاي ئۆز بايلىقىدىن سۆيۈنگەندەك مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى. بوۋاينىڭ جاۋابىدىن دەسلەپ ھەيران بولۇپ، كۈلگۈم كەلدى. ئەمما، مىنۇت ئۆتمەي تېگىگە يېتىپ ئىچىمدە خۇرسىندىم. قارىغاندا ئەمدى ئەسلى مەقسەتكە ئۆتسەم بولىدىغاندەك قىلاتتى.

— دادا، باياتىن بېرى ئوبدان پاراڭلاشتۇق، ئۆزلىرى مېھماندوست، ئوچۇق كىشى ئىكەنلا، كېلىش مۇددىئايىمنى ئۆزلىرىگە ئېيتاي. مەن سىلىنىڭ رەيھانگۈلنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بولىمەن. رەيھانگۈل ئۆگىنىشتە ناھايىتى ياخشى، ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى ئىدى، بىراق يېقىنقى بىر ھەپتىدىن بېرى مەكتەپكە بارالمىدى. شۇڭا ...

بوۋاينىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەر مېنى سۆزدىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن، كۆمۈچەكلىرى كېڭەيگەن، نان چايناۋاتقان چىشلىرى ھەرىكەتتىن توختاپ مەھكەم كىرىشكەن، ساقاللىرى تىترە-

گەن، چىرايىدىكى بىئاراملىقى كۈلكىلەر ئۆچۈپ، ئۆكۈش قورۇمدەك قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاشۇ تۇرقى بىلەن زەمىنىڭگە يولۇققان قاسىسكارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ سۆزىدىن توختاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ماڭا «لاپپىدە» قارىدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىككى قەدەم نېرى مېڭىپ، باغ تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ نارازى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— دادا...

ئۇ شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلدى-دە، چېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆزلىرى رەيھاشنىڭ ئەپەندىسىنىدىلە، مەن باياتىن بېرى تېخى ئوزمايدىغان قايسى يېزا كادىردۇ، دەپ باش قاتۇرۇپ كېتىپتىمەن. ماڭا چۈشەندۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، چىرايلىق گەپلىرىدىن نېمە دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەندىم. مېھمان بولۇپ كەپلا، قاتتىق تەگمەي، بىر ئېغىز گەپ — مەن رەھاشنى ئوقۇتمايمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى كەسكىن ئىدى. مەن ئۇنى بىرنچىلىك ئۆگۈپ كەتمەس دەپ ئويلىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنى قايىل قىلماي بولمايتتى. شۇڭا يەنە ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولدۇم:

— دادا، تورمۇشلىرى ياخشى ئىكەن، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ئوقۇتمايمەن، دەۋاتقانلىرىنى چۈشىنەلمىدىم. توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرى، دۆلەت، مىللەتنىڭ قەددىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقى، شۇڭا...

— ئۇكام، بۇ يەرگە كېلىپ ماڭا دەرس ئۆتمەي، بۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭىزنى ئاشۇ بازىرى چىقمىدىغان مەكتىپىڭىزگە ئاپىرىپ سېتىڭا! مەن سىزدىن نەچچە ئىشتاننى بۇرۇن يىرتقان، سىز بىلگەننى مەنمۇ بىلىمەن، مېھمان ئىكەن دەپ ئايىغاننى بىلمىدىك!

ئۆز ئىشىم بىلەن كەلگەن بولسام پېشىمنى قېقىپ چىقىپ كەتكەن بولاتتىم. لېكىن...

— دادا، خاپا بولمىسىلا، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

بوۋاي غەزەپلىك ئاۋازدا گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ھوي رەھاش! مايەرگە چىق! «مەكتەپتە ياخشى ئوقۇما، ياخشى ئوقۇما، ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپ بېرەلىدۇ»— دېسەم گەپ ئاڭلىماي ئەتىدىن كەچكىچە دەپتەرنى قولىدىن چۈشۈرمەيسەن، ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟! ھە، گەپ قىلە! ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ ئوقۇيمەن؟! ھۇ زۇۋانىڭغا بالا تەككۇر ھارامى، ماڭ ئۆيدىن چىق! ساڭا بېرىدىغان ئاش-نان يوق، قانداق ئوقۇساڭ ئوقۇ، مانا كۆرۈڭلار ماۋۇ شاقلاندىنى!... ھە، ئۇكام سىزمۇ تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمەڭ، ماڭا بالا تېپىشىپ بەرگەندەك تېخى «نېمىشقا ئوقۇتمايلا؟»— دەپ سورايسىز، بۇ پىتر، كۆڭلىڭىز تىنمىدىغان ئىش بولسا دەپ بەرسەمۇ بېرەي. بالا بويىغا يېتىپ قالدى، سىزنىڭ ئىمانىڭىز بولمىغان بىلەن بىزنىڭ ئىمانىمىز بار. كېلەر يىلى ئەرگە بېرىمىز، ئالغىڭىز بولسا

گەپنى چورتلا كېسىپ، ھازىرلا كەينىڭىزگە سېلىپ قويايمۇ؟ بولمىسا، تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماي ئاستا ئۇزاپ قېلىڭغا!

بوۋاي ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ، يېنىمغا قارىۋىدىم، مومايمۇ كۆرۈنمىدى. قانداق قىلاي؟ ھويلىدىن نەتىجىسىز قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم...

ئىككىنچى ئۆيدىكى ئەھۋال باشقىچىرەك ئىكەن.

— مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق، مۇئەللىم، — دېدى ئائىلە باشلىقى كېلىش مۇددىئايىمنى بىلگەندىن كېيىن، سالماقلىق بىلەن، — ئۆزۈم كەنت كادىرى تۇرۇپ سىياسەتكە ناقايىللىق قىلسام مۇ توغرا بولماس، شۇنداقتىمۇ ئۆزلىرىگە ئازراق كۆڭۈل قوياي، مۇشۇ بالىدىن ئاۋال بىر ئىمتىھان ئېلىپ كۆرسىلە، 5-سىنىپ ئەمەس، 2-سىنىپنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىسە قۇلىقىمنى چالمىدا كېسىپ بېرىمەن. بۇ بالا مەكتەپتە نېمە ئوقۇدىكىن، زېھنىنى ئاز-تولا سىناپ كۆرەي دەپ، «بىر مو يەردىن 450 جىڭدىن بۇغداي چىقسا، ئون ئىككى مو يەردىن قانچىلىك ئاش چىقىدۇ؟» — دېسەم تىرنىقىنى تاتىلاپ، ھۇشۇيۇپ تۇردۇ. يازغان خەتلىرىنى دېمەملا تېخى، ئۆمۈچۈكنى رەڭگە چىلاپ قويۇپ بەرگەندەك، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا قارىسام، نەتىجىسى خېلىلا يۇقىرى بولمامسا...

شۇ چاغدا ناھىيىلىك كادىرلار ئىدارىسىدىكى قايسىدۇر بىر باشلىقنىڭ كادىرلارغا خىزمەت تەقسىماتى قىلىنىۋېتىپ: «بۇ ئاداش باشقا ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا ھېچ بولمىغاندا ئەپەندىچىلىككىغۇ يارار!» — دېگىنى ئېسىمگە كەلدى.

ئۇ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاڭلىسام، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىر ئوقۇغۇچى بىر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئايلىق مائاشىدىن بەش يۈەن، بىر ئوقۇغۇچى سىنىپتىن كۆچەلمىسە بىر ئايلىق مۇكاپات پۇلىنى تۇتۇپ قالىدىكەن. ئوقۇتۇش خىزمىتى ئىلمىي خىزمەت تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئىقتىساد بىلەن چېتىشتۇرۇپ قويغىلى بولسۇن؟! ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشتىن باشقا قوشۇمچە كىرىمى بولمىغاندىكىن، بىزلىمىغان يېرىدە يۆلەپ كۆچۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن. نەتىجىدە مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققانلارمۇ ماشۇنداق لاياقەتسىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. يېزىمىزدىن بىرەرسىنىڭ بالىسى ئوقۇشقا مېڭىپ قالسا، خۇددى بېشىغا ھۇما قۇشى قونغاندەك ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، بىزنىڭمۇ قۇلىقىمىزغا يەتمەي قالمايدۇ. ئەمما، مەن مۇشۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىمىغىلىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى.

يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ چىمىلدىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى.

— مەن ئۆزۈم تۈزۈك ئوقۇيالمىغان، ئاران سەككىزگىچە ئوقۇغانمەن. دادام رەھمەتلى «يالغۇز ئوغلۇم» دەپ يېنىمدىن نېرى قىلىشقا كۆزى قىيماي، ئارمانلىرىمنى ۋاقىتسىز يەرلىككە قويۇۋەتكەن. ئەمما، ھازىرغىچە كىتابنى يېنىمدىن نېرى قىلمايمەن. بىلىملىك كىشىلەرگە ھەۋەسىم كېلىدۇ. كۆڭۈلگەن ئارمانلىرىمنى ئوغلۇمنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بولسىمۇ بىر ئەمەلدە كۆرەرمەن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. ھەي، بۇ بالا مانا مۇشۇنداق يارىماس بولۇپ چىقتى. ئەتىگەندە مەكتەپكە ھەيدىسەم، مەكتەپكە بارمىغاننى ئاز دەپ نە - نەلەرگە بېرىپ ئوينىلاپ، يېرىم كېچە بولاي دېگەندە ئۆيگە كىرىدۇ. بار ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتىم، لېكىن زادىلا ئۇيقۇسىنى ئاچقۇزالمىدىم. بۇنىڭدا ئۈمىد يوق. ئۇنى يىل ئوقۇتۇپ دېھقان قىلغاندىن كۆرە ھازىردىن باشلاپلا ئىشقا پىششۇراي، دەپ نەچچە كۈندىن بۇيان ئېتىزلىقتا كەتمەنگە سېلىۋاتاتتىم. ئۆزلىرىدىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشىمنى ئويلىماپتىمەن. ئەپۇ قىلارلا...

ئوكۇلۇق ئادەم دېگەن باشقا بىر دۇنيا ئىكەن. ئۇ يۈرىكىدىكى گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ئەھۋاللاشتۇق. سۆھبىتىم ئۈنۈم بېرىپ، ئۇ ئاخىرى بالىسىنى ئوقۇتماسلىق قارارىدىن ۋاز كەچتى. خۇداغا شۈكرى، ھەتتىم بولسا بۇ ئۆيدىمۇ دەشنام يېمىدىم.

... ئۈچىنچى ئۆيدىن ئالغان جاۋابىم مۇنداق بولدى:

— ئەپەندىم، كۆرۈپ تۇرۇپلا، مەن تۇل ئايالمەن، ئېرىم بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆيدە ئەمگەك كۈچىمىز بولمىغاچقا ھالىمىز سەكرەپ سۇغا چۈشكۈدەك دەرىجىدە، ئۆيىمىزدىن بوران ئۆچۈپ تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت قارىمايدۇ ئەمەس، ھالىمىزدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. لېكىن، بىر ئۆي دېگەندە پۇت تىرەپ تۇرالىغۇدەك بىرەر ئەركەك بولمىغاندىكىن چۆچۈرىدەك يىللار بىلەن ھەرقانچە تىرىكەشكەن بىلەنمۇ بىكار ئىكەن. مەن قېرىپ قالدىم. ئەمدى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا مۇشۇ بالام قاراشمىسا، بىز بىر ئائىلىدىكىلەر جېنىمىزنى جان ئېتىپ بولالمايمىز. ھالىمىز مۇشۇ. ئاڭلىسام ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلەرمىش. بوپتۇ، بوينۇمغىچە قەرزگە بوغۇلساممۇ مەيلى، ئاخشاملىققا ئۆيلىرىگە مالىدىن بىرنى تاشلىۋېتەي، مۇشۇ بالامنى مەكتەپتىن بىر ئاجرىتىپ بەرسىلە، ھە دېسە سىياسەتلا دەيلا، سىياسەت دېگەننىڭمىچۇ، قارا - قويۇق ھەممىسىنى ئىجرا قىلىپ كەتمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ھە ماڭا سالجىدەك چاپلىشىۋالماي شۇنداق قىلسىلا، قاچان بۇنىڭغىمۇ بولمايتتى، دېسىلە مېنىڭمۇ باشقا ئامالىم يوق، ئاتتۇرۇۋاتاملا، سولىتىۋېتەملا ئىختىيارلىرى...

كەچ كىرىپ قالغانىدى. قەدەملىرىمنى ئېغىر يۆتكەپ مەھەللىدىن

چىقتىم. چوڭ ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشۈمگە يول ياقىسىدىكى باغدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازى دىققىتىمنى تارتتى. باغ تەرەپكە قاراپ ئىككى قەدەم ماڭدىم-يۇ، ئىزىمدا تۇرۇپ قالدىم. باغ قويۇق جىگدە شاخلىرى بىلەن توسۇلغانىدى.

— جەمىلە، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

قۇلىقىمنىڭ سەزگۈرلۈكى ئاشتى.

— نېمە، يىغلاۋاتامسەن؟ نېمە بولدۇڭ؟

— ...

— بىرەرسى بىلەن خاپىلىشىپ قالدىڭمۇ-يا؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسەن؟

— ...

— گەپ قىلساڭچۇ؟

— دادام مەكتەپتىن چىقىرىۋالىمەن دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— شۇڭا نەچچە كۈندىن بارالمايتىكەنسەندە!؟

— ھەئە.

— پەزىلەت مۇئەللىمگە ئېيتىپ باقساڭ بولمامدۇ؟ ئۇ ساڭا ئوخشاش ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى ساۋاقداشلاردىن ياردىمىنى ئايىمايتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. شۇڭا سىلەرنىڭ ئۆيگە كېلەلمىگەن بولسا كېرەك.

— بۇنى مەنمۇ ئويلىغان، لېكىن دادام: «ئەپەندىگە دەيدىغان بولساڭ پاقالچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن»... دەپ مېنى ئۆيدىن نېرى بولغىلى قويمايۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇنىڭغا ئەتە دەپ باقاي.

— جەمىلە، ھەي جەمىلە!... نەگە يوقالدى بۇ لامزەللە!

— مانا مەن، دادا!

......

يولدا كېتىۋاتىمەن. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېتىزلىقلاردا پادىلار يايلىماقتا. ئېگىز-پەس دۆڭلۈكلەردە مال ئىگىلىرى بولغان بىر توپ بالىلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، ئۆزلىرى ياخشى كۆرۈشىدىغان قايسىدۇر بىر ئويۇنلىرىنى ئويناشماقتا.

ئالدىمىدىلا بىر يەردىن گۈدۈڭ-گۈدۈڭ ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئەكىلە، مەن بىر شورىۋالاي.

— ئەجەب ئاچچىق موخوركىكەنا، نەدىن ئالدىڭ.

— ئاتامنىڭ يانچۇقىدىن جۈندىدىم.

— ئۇقۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

— ئاكامغا دۆڭگەپ قويىمەن.

سىنچىلاپ قارىۋىدىم، قېرى جىگدىنىڭ تۈۋىدە 9—10 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى بالا بىر تال تاماكا قالدۇقىنى تالىشىپ چېكىشىۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ بەدەر تىكىۋېتىشتى...

— ئۇستۈمگە نەچچە پاتمان يۈك ئارتىۋالغاندەك ھالسىراپ كەتتىم. يۈرىكىم سىقىلىپ نەپەس رىتىمىم قالايمىقانلاشتى. تەگسىز خىياللار مېڭەمنى غۇڭۇلدىتىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ مەنزىلىم بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى...

## شېئىرلار

# سۆيگۈ قەترىلىرى

مەمتىمىن بارى

### كۆزۈم چۈشتى

كۆزۈم چۈشتى كۆزۈڭگە سېنىڭ،
يۈرەكلىرىم كەتتى سىرقىراپ.
ئەس-ھوشۇمنى قويدۇم يوقىتىپ،
تىلىم تۇتۇلدى بېشىم پىرقىراپ.

قايتا سېنى ئۇچرىتالمىدىم،
ئاۋارە مەن يولۇڭغا قاراپ.
مېنى ئۇنداق قىلما نائۈمىد،
تاپاي دېسەڭ ئۆمۈرلۈك ساۋاب.

### ئامرىقىم

ئۇخلىۋالغىن، قېنىپ ئۇخلىۋال،
دىلىڭ ھەرگىز ئازابلانمىسۇن.
مەنلا تارتاي سەن ئۈچۈن ئازاب،
قاراقلىرىڭغا شەبنەم قونمىسۇن.

بىلدۈرمەي ئازابلىرىڭنى،
كۈلۈپ بەرسەڭ ماڭا بىر قېتىم.
ساقىت بولۇپ غەمدىن پۈتۈنلەي،
سۆيۈنەتتىم قەۋەت ئامرىقىم.

### بۇلبۇل بولسام

كۆزلىرىڭنى ئوخشاتتىم مەن بۇلاققا،
ھىلال ئاينى ئەركىلىتىپ ئوينىتقان.
باغدا پىشقان جىننەستىڭگە لىۋىڭنى،
يۈرەكلەرنىڭ بېغىششىغا ئوت ياققان.

يۇلتۇز بولۇپ ئايلانسام مەن يېنىڭدا،
قاراقىڭدا ئايغا بىللە ياندىشىپ.
بۇلبۇل بولسام قونار ئىدىم گۈلۈڭگە،
ئارمان بىلەن يۈرمەي لېۋىم تامشىتىپ.

### كېسەل

ئىسسىتمام ئۆرلەپ، تېنىم سىرقىراپ،
ياستۇق تۇتۇپ قالغانتىم يېتىپ.
ئاڭلاپ مېنىڭ بىتاپلىقىمنى،
داۋالاشقا كەلگەنتىڭ يېتىپ.

تۇتقان ئىدىڭ تومۇرۇمنى سەن،
كېسەللىرىم يوقالدى، قاچتى.
نېمە ئۈچۈنكى شۇ كۈندىن باشلاپ،
ۋۇجۇدۇمغا بىر ئوت تۇتاشتى.

سېنى كۆرسەم يۈزۈم قىزىرىپ،
ئۇستى-بېشىم تەرگە چىلاشتى.
يۈرىكىمنىڭ سوقۇش تېزلىكى،
مىنۇتىغا ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئويغىلىپ ئۇ كۈنى كېسىلىم،
يېڭىدىن بىر كېسەل چاپلاشتى.
تېز داۋالاپ قۇتقۇزۇۋالغىن،
كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇم قاچتى.

# ئارزۇلار چەكسىز ھايات بىر جام

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

## جانانغا

نېمىگىدۇر ئىنتىزار ئىدىم، ئادەملەرنىڭ قاينىمى ئىچىدە،
نېمىنىدۇر ئىزلەيتتىم تىنماي. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى.
تاپالمايتتىم كۆڭلۈم ئىدى غەش، بىر تىكىلىش، تاتلىق جىلمىيىش،
تەسەللىسىز باقار تولۇن ئاي. يۈرىكىمنى ئىلكىگە ئالدى.

ئاختۇرىمەن تاپالمايمەن ھېچ، ۋىسال شۇئان گۈل تۇتتى ماڭا،
ھاياتىمنىڭ كېمىنى لېكىن. بولدى بىردىن ھەممە ئىش ئايان.
چاقچاقىمۇ ياكى تەقدىرنىڭ، تۇمان تارقاپ پۇردى ئالەم،
ئۆتەر كۈنلەر ھەسرەتلىك، غەمكىن. ئۆمرۈم كېمى سەنكە نىسبەن جانان.

## كېچىپ

تۈك يۈرەك ئەشئارۇ ـ نەزمە، ساختا سادالاردىن كېچىپ
سۆي دىلى ئاتەشلىنى كۆڭلى قارالاردىن كېچىپ.
ئاچقۇسى باغرىدىن ساڭا گۈل تۇتۇپ، نۇرلار تۆكۈپ
جىلۋىسى جان ئالغۇچى، قەلبى گادالاردىن كېچىپ.
كۈلكىلەر ئەۋجىدە ئۆمرۈك قىلغاي تەرەننۇم بەختىدىن
شەپەرەك مىسلى يۈرىكى نۇرى ئازلاردىن كېچىپ.
بىلمىگىن ئۆزگىنى سەن خەس، گۈل بىلىپ ئۆزۈڭنى ھەم
دوستلىرىڭ مېھرىنى چاچقان ئۆيناق سابالاردىن كېچىپ.
تاپمىغاي ئىنسان بەخت بۇ ھايات سەھراسىدا
يولىنى توسقان داۋان مۇشكۈل جاپالاردىن كېچىپ.
بۇلبۇل سۆبھى مىسال كۆڭلۈڭنى پاك تۇت تائەبەت،
كۆيلىرىڭ تاپماس ۋىسال تاڭلار زىيالاردىن كېچىپ.

## دەر مېنى

چاچلىرىمدا ئاقنى كۆرۈپ، ئۇ قېرىپتۇ دەر مېنى،
يولدا جانانى كۆرۈپ تىۋرسام ھېرىپتۇ دەر مېنى.
ھاسىنى تەڭلەپ بىراۋلار بولسۇن دېدى: «ھەمرا ساڭا»،
مەن كۈلۈپ باقسام ئەقلىدىن راستىنلا ئېزىپتۇ دەر مېنى.
يار بىلەن قولتۇقلىشىپ باغلارنى سەيلە ئەيلىسەم،
چاغلىماستىن ئۆزىنى، شىلتىڭ ئېتىپتۇ دەر مېنى.
ئاق نېمە، قارا نېمە ھەممىسى زىننەت دېسەم،
ئۆزىنى ئاقلاپ تېخى جا گەپ تېپىپتۇ دەر مېنى.

تەنلەرگە قىلمىسام، قىلچە پەرۋا ھەر قاچان،
سۆزلىمىزگە ئاخىرى قوۋناق بېرىدىپتۇ دەر مېنى.
يۈرىكىمدىن پۈركىسە ياشلىق ئوتى گۈل چاچقۇلار،
قېرىلىققا ئەمدى ئۇ تىلخەت يېزىدىپتۇ دەر مېنى.
قېرىماس بۇلبۇل دېسەم بوستان ئارا قىلغاچ ناۋا،
كى كۆرەلمەسلەر ئۆزىگە كۆر قېزىدىپتۇ دەر مېنى.

## چېچەك

يوتىلاردا نازلىنىپ باقتى ماڭا سېرىق چېچەك،
گۈلباھار كەپتۇ دېبان ئويىندى ئوتلۇق يۈرەك.
بىر ئۇدام تەردىم شۇئان سىنەمگە سىغماي شادلىقىم،
سۆيگۈ ئىشقىم يېپ قىلىپ، ياسىدىم گۈل چەمبىرەك.
يار بېشىغا چەمبىرەك قونغاندا ئالتۇن تاج مىسال،
يوق ئىدى ئالەم ئارا شاد بەختىيار مەندىن بۆلەك.
باردى يار ئەينەك تامان، ئىككى مەگزىنى ئۇتۇپ،
ئويىندى يار بېشىدا رەققاس ئۇرۇپ شوخ كېپىنەك.
كۈلدى يار پەس سىڭگىدە جۈپ زىناق قىلدى جۇنۇن،
چىرمىشىپ تومۇرلىرىمغا تاشلىدى ئىشقى پىلەك.
گۈلباھار ئاشىقلىرى باقتى يارنىڭ باشىغا،
يار بىلەن گۈلگۈن باھار كۆرۈندى شۇئان قوشكېزەك.
گۈلباھار ئەييامىدا بۇلبۇلى ئېيتسا مۇقام،
قىر ئارا، يوتا ئارا كۈلگۈسى مىڭ خىل چېچەك.

## شېئىرلار

### ئابدۇرېھىم مەنسۇرى

### مەن سۆيمەن شېرىن ئايىنى

مەن سۆيمەن تولۇن ئايىنى، شېرىن ئايىنى،
گۈزەل يايرىدىم، ئوماق يايرىدىم شېرىن ئايىنى.
ئۇنتۇلمايمەن ئۇ كۈندا مەن چۈشۈمدە ھەم،
ئۇنىڭ بىلەن بىز تونۇشقان ئاشۇ جايىنى.

بىرگە ئويناپ ئۆتكۈزەتتۇق كېچىلەرنى،
كۆز قىسىشىپ بىز ئىككىمىز كۈلۈپ يايراپ.
مۇھەببەتنىڭ يالقۇنىدا خۇشاللىقتىن،
ناخشا ئېيتىپ گويا بۇلبۇل بولۇپ سايراپ.

### گۈلنىڭ رەناسى

بىلمىدىم قاچانغىچە تۇرىمەن يەنە،
يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ھەسرەت پىراقتا.
ئەي نىگار بىر ئۆمۈر كۈتىمەن سېنى،
بولسىمۇ مەن ئۇچۇن مەنزىل يىراقتا.

مۇھەببەت ئوتىدا گويا سەل بولۇپ،
ئاقماقتا بىر مېنىڭ قەلبىم دەرياسى.
قىينىماي كۆڭلىنىڭ بولۇپ داۋاسى،
كەلسەڭچۇ قېشىمغا گۈلنىڭ رەناسى

# تەقدىرنىڭ چاقچىقى

(ھېكايە)

ئېزىز ساۋۇت

ئەقلىمنى بىلسەم، دادام باشقارما باشلىقى، ئانام خىزمىتى يوق ئائىلە ئايالى ئىكەن. ئانام يېزا قىزى بولغاچقا، دادام بىلەن توي قىلىپ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىلگىرىكى ساددا، ئىشچان، ئاق كۆڭۈللۈكىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مەگىزلىرى قىپقىزىل، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ياشلىق لاتاپىتى تېخى كەتمىگەن ساھىبجامال ئايال ئىدى. ھېس قىلىشىمچە، دادام بىلەن ئانامنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئەر-خوتۇنلۇق مېھرى-مۇھەببىتىدە قىلچە ساختىلىق يوق ئىدى. ئۇلار بىر-بىرىنى بەكمۇ قەدىرلىشەتتى، ئىناق ئۆتۈشەتتى. شۇڭا قولۇم-قوشنىلار ھەۋەس بىلەن:

— نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئائىلە، بىر-بىرىگە شۇنچە كۆيۈمچان، ۋاپادار، ئەر-خوتۇن بولسا ئاشۇلاردەك بولسا، — دېيىشەتتى.

دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ ۋارقىرىشىپ سوقۇشۇپ قېلىشقىنىنى ئەسلىيەلمەيتتىم. دادام، ئانامنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا شۇنچە ئورۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئانام مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولغاچقا ئامال بولمىدى. مۇمكىن بولىدىغان ئىشلاردىن ماشىنا رېمونت سېخىدا زاپچاسلارنى تازىلاش، ئىدارىدە تازىلىق قىلىشتەك ئىشلارغا راستىمنى ئېيتسام، ئانامنىڭ رايى تارتمىدى. دادامنىڭ مائاشى يۇقىرى بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ نورمال خىراجىتىگە يېتەتتى. شۇڭا دادامۇ كىرىم جەھەتتە ۋايسىمىغاچقا بۇ ئىش شۇ پېتى كېتىۋەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جان ساندىمىز ئاز. مەن بىرلا بالا، تىككەندەك يالغۇز ئوغۇل ئىدىم. شۇڭىمۇ ئاتا-ئانام ماڭا بەكمۇ ئامراق ۋە كۆيۈمچان ئىدى، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بېرەتتى. بۇنداق شارائىتتا مەن شوخ ۋە ئەركە ئۆستۈم.

دادام مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان كەسپىي بۆلۈمدە، بۆلۈم كاتىپلىقىنى قىلىدىغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى كېرەم ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى. ئۇ دادامنىڭ ئالدىدا ھەمىشە ھىجىيىپلا يۈرەتتى. ئۇ دادامغا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلاتتى. ھەر قانداق ئىشتا دادامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى. ئەتىگەنلىك ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىدىن يېرىم سائەت دېگۈدەك ئىلگىرى ئىشخانىغا كېلەتتى-دە، ئىشخانىلارنى، بولۇپمۇ دادامنىڭ ئىش ئۈستىلى، ئورۇندۇقلىرىنى زوق-شوخ بىلەن تازىلايتتى. گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىمۇ دادامنى كۆرگەندە شۇنچە

سىپايە ـ شىرىنلىشىپ كېتەتتى.

— ۋاي قادىر چوجاڭ، سەي - پەي تۇگەپ قالمىغانمۇ؟ گۇلسۇمخان بازارغا بېرىپ بولالمايدۇ. دىككىدە بېرىپ سەي ئەكېلىپ بېرەيمۇ؟

— قادىر چوجاڭ، مىجەزلىرى يوقمۇنېمە؟ شۇكلەپ قاپتىلا، شاققىدە دوختۇرغا بېرىپ كېلىمىزمۇ - يە؟

— قادىر چوجاڭ، گۇلسۇمخان كۆمۈر قالمىدى، دېگەندەك قىلغۇيدى، ئىدارە ئىشخانا مۇدىرىغا ئېيتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، سۈپەتلىك كۆمۈردىن ئەتىلا بىر ماشىنا ئەپكېلىپ بېرىدىغان بولدى.

— قارىماملا قادىر چوجاڭ، ھېلىقى ئۆز ۋاقتىدا سىلى بىلەن ماشىنا ھەيدەپ يۈرگەن كەسپداشلىرى ھېسامىدىن دېگەن ھاراقكەش، بۇلاڭ - پۇچقاقلاردا ئارقىلىرىدىن، «قادىر دېگەن قانچىلىك نېمىتى؟ ئەمدى چوڭ بولۇۋېلىپ، كېرىلىپ كىشىنى كۆزىگە ئىلمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ پىتنە تېرىپ يۈرۈپتۇ، ئىدارىمىزدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئوبدان گەپ قىلىپ قويدۇم. ئۇ، ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قويىدىغان بولدى.

— قادىر چوجاڭ...

ئۇ ھەتتا ماڭىمۇ شۇنداق كۆيۈمچانلىق قىلىپ كېتەتتى. ئەگەر دادامنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ قالسام، ئالدىمغا پايپاسلاپ كېلەتتى - دە، ئىككى قولى بىلەن ئىككى بېغىشىمدىن قىسىپ تۇتقىنىچە ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەركىلىتەتتى؛ ئېرىنمەي كوچىغا چىقىپ كەمپىت، گازىر - پۇرچاق ئەكىرىپ بېرەتتى.

— پاھ... پاھ... بالىدە بۇ! قالتىس ئادەم بولىدۇ بۇ لېتىپجان، ئالىم ۋە ياكى بىرەر چوڭ باشلىق بولىدۇ جۇمۇ! ھى ... ھى ... ھى... شۇنداقمۇ لېتىپجان؟ ئالىم ياكى باشلىق بولامسىز - ھە؟ قارىماملا، ئۇنىڭ زېرەك ئادەم بولىدىغانلىقى كۆزىدىن چىقىپ تۇرمامدۇ؟...

ئۇ ئاشۇنداق سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ خۇشال قىلاتتى. ئۇ، ئۆيىمىزگىمۇ پات - پات كېلىپ تۇراتتى؛ ئاللىكىملەرنى ماختاپ، ئاللىكىملەرنى يامانلاپ بېرەتتى. ئۆيىمىزنىڭ ئۇششاق - چۈششەكلىرىگىچىلىك قارىشىپ بېرەتتى. بۆلۈمدىكىلەر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشاتتى؛ ھەتتا ئاپاممۇ كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ كەتتى.

ئەمما پەقەت دادامـلا نېمىشقىدۇر ئۇنى ياقتۇراتتى، دائىم يېنىغا تارتاتتى. ئادەم خۇشامەتكە، ئابرويغا تويمايدىغان مەخلۇق، قىسقىسى ئۇنىڭ ھېلىقىدەك مۇئامىلىلىرى ھەقىقەتەن دادامنىڭ كۆزىنى چىرمىۋالغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئانامنىڭ قانچە قېتىملاپ كېرەم ھەققىدە ئەسكەرتىپ ئېيتقان:

— قادىراخۇن، كېرىمنىڭ گەپ - سۆز، ھەرىكىتىدە ئاللىقانداق بىر ساختىلىقنى سەزگەندەك قىلىمەن. نېمانچىلا قىلىپ كېتىدىلا، ئۇنىڭغا بەكمۇ «ھە» دەپ كەتمەيلى، كېيىن بىر بالاسى تېگىپ يۈرمىسۇن يەنە! — دېگەن گەپلىرىگە ئېرەن قىلمىدى.

— ھەي، بىراۋ توغرىسىدا ئورۇنسىز گۇمانلارنى قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسىنى

قانداقمۇ ساختا دېگىلى بولسۇن؟ مۇھىممى، ئۇ ياش، خىزمەتنى كۆيۈنۈپ ئىشلەيدۇ، قابىلىيىتى بار، ئىستىقباللىق يىگىت، ماڭا كېرىكىمۇ شۇنداق ئادەملەر. ئۇنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا، رەھبەرلىككە تەكلىپىمۇ بەردىم - تېخى...

راست دېگەندەك ئۇ بىر يىل ئۆتمەيلا، مۇئاۋىن كېچاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ئانامنىڭ ئېيتقىنى ئاستا - ئاستا ھەقىقەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇشامەتنى نەلەرگىدۇ غايىب بولغان، گېدىيىپ - كېرىلىپ يۈرىدىغان بولدى. كېيىنچە دادامنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان، بۆلۈك - پۇچقا قىلاردا دادام توغرۇلۇق رەيۋەت - شىكايەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. تېخى نەچچە قېتىملاپ، تۇيغۇرماستىن ئىدارە رەھبەرلىكىگە دادام توغرىسىدا يامان مەلۇماتلارنى بەرگەنلىكى ئاشكارىلاندى. لېكىن، ئىدارە رەھبەرلىكى دادامنىڭ خىزمىتىنى، ھالاللىقىنى بىلگەچكە، كىرەمنىڭ دەككىسىنى بېرىپ چىقىرىۋەتكەنىكەن، ماڭىمۇ قارىمايدىغانلا بولدى. دادام يوق چاغلاردا كېلىپ قالسام مەسخىرە ئارىلاش زەردە بىلەن:

— ھە، نېمە گەپ؟ داداڭلا يوق. ئىشخانىنى پاخاللاشتۇرماي چىقىڭلا ئەمدى! — دەپ، قوپاللىق بىلەن قوغلايتتى.

راستىنى ئېيتسام، شوخ - ئەركىرەك ئۆسكەنلىكىم ئۈچۈن مەكتەپتە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرسلەرنى ياخشى ئوقۇيالمىدىم. شۇڭىمۇ مەكتەپكە كۆڭۈلسىز، خۇددى بويۇنۇمدىن باغلاپ سۆرىگەندەك باراتتىم. تولۇقسىزنىڭ 3 - يىللىق سىنىپىمنى مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن تۈگەتتىم. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇشقا رايىم بارمىدى. تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىدىم. قايتا ئوقۇشقا زادىلا كۆنمىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۆيدە «بىكارچى» بولۇپ قالدىم. دادام يامان يولغا كىرىپ قېلىشىمدىن ئەندىشە قىلىپ، كەلگۈسىدە ئۆزىگە ئوخشاش شوپۇر قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئەمما بېشىم كىچىك بولغاچقا ھازىرچە مۇمكىن بولمىدى. پىرىنسىپ جەھەتتىن دۆلەت شتاتىغا كىرگۈزۈشكە توغرا كەلمىگەچكە، ئىدارىدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يېشىم تولغىچە ماشىنا رېمونت سېخىدا ۋاقىتلىق شاگىرت ئىشچى ھېسابىدا ئىشلەپ تۇرىدىغان بولدۇم. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، شوپۇر بولىدىغان ئادەم ئالدى بىلەن ماشىنا رېمونت سېخىدا بىر قانچە يىل ئىشلەپ، ئاندىن ماشىنىغا چىقسا، ناھايىتى ياخشى ئۇستا بولۇپ يېتىشىپ چىقارمىش. شۇنداق قىلىپ رېمونت سېخىدا شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. دادام كىچىك ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىدىكى نازارەتنىڭ بىر قېتىملىق كەسپىي يىغىنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، پەرلىكتىمۇ قويدۇق. دادامدىن ئايرىلىپ كۆڭلىمىز قىيىنلاشتى. ئازغىنا نەرسە نېمىگە دال بولاتتى؟ مېنىڭ شاگىرتلىق ئىش ھەققىمنى ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيتتى. ئانامنى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز دېيىشكەنىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر «مانا-

مانا، ئەنە ... ئەنە» دېگەن بۇ ئىشمۇ سوزۇلۇپ كەتتى. تۇرمۇشىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارغۇ مەيلى، بىزگە ھار كېلىپ، ئانامنى ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتقىنى، ئىدارىنىڭ بىزنى دادام ھايات چېغىدىكىدەك تونۇمايۋاتقانلىقى ئىدى. ئىدارىنىڭ ئاۋۋالقى ۋەدىسى بويىچە، مېنىڭ يېشىم توشۇشى بىلەنلا ماشىنا شوپۇرلۇقىغا شاگىرتلىققا بېرىلىشىم ۋە دۆلەت شىتاتىغا ئۆتۈشۈم كېرەك ئىدى. مانا، يېشىممۇ تولدى. لېكىن ھېلىقى «ۋەدىلەر» تېخىچە ئىشقا ئاشمايۋاتاتتى. ئانام بولسا ئەگىسىز - ئىشسىز قېلىپ، ئىستىقبالىمنىڭ خىرەلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان، ھەممىشە ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ، كېرەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرىدىغان، مەن توغرۇلۇق يېلىنىدىغان بولدى.

ئىدارىنىڭ مۇئامىلىسى بەكمۇ قەبىھ ئىدى. يەنە كېلىپ بىزگە بولۇۋاتقان بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىلەرنىڭ مەنبەسى يەنە شۇ كېرەم ئىدى. باشقىلار ھېسداشلىق قىلغاچقى بولسىمۇ نېمىشقىدۇر ئۇ بىرەر سەۋەبلەر بىلەن ئالدىمىزغا توسقۇن سالاتتى. ئۇنىڭ غەرىزىنى زادىلا چۈشىنىپ بولمايتتى.

ئانام كېرەمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ۋە مېنىڭ ئىشىم توغرۇلۇق ھال ئېيتسا، ئۇ ھەجەپ تۈرۈپ يوقىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپتۇ. ھەتتا بۇ ئىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئەسكەرتىپتۇ.

ئانام ناھايىتى سادىدا، نېپىز ئايال بولغاچقا، ئىشنىڭ مۇنداق قىيىنلىشىپ كېتىپ بارغىنىغا تىت - تىت بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بەزى كېچىلىرى مەن ئۇخلاپ قالغاندا، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي خىيال سۈرۈپ چىقاتتى ياكى ئەينەك رامكىدىكى دادامنىڭ رەسىمىگە قاراپ يىغلايتتى. ئويغىنىپ قارىسام، بىچارە ئانام غەمگە پېتىپ، ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان بولاتتى. ئانامنى بەزلەيتتىم. كۈنلىرىمىز شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ بارماقتا ئىدى. ئاخىرى ئانام ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ قېلىش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچتى - دە، ھەممە ئۈمىدىنى ماڭا قاراتتى. ئىدارىدىكى باشلىقلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى بىر قانچە قېتىم مېھمانغا چاقىردى. ئاشۇ مېھماندارچىلىقلاردىن كېيىن كېرەم ئۈشتۈمتۇت مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى. ئاۋۋالقى ھىجايغاق قىياپىتىگە كىردى. ئۆيىمىزگە يەنە پات - پات كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مېنىڭمۇ ئىشىم رەسمىيلەشتى، يەنى، رەسمىي دۆلەت شىتاتىدىكى شوپۇرلۇققا تەستىقلاندىم. ئەلۋەتتە ئايىغىچە بىر ئۇستامنىڭ يېنىدا ياردەمچى شاگىرت شوپۇر بولۇپ، ماشىنىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، رەسمىي ئۇستا ھېسابىدا ئوقچە ماشىنا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇردى. شۇ كۈندىكى خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئانامنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۆيگە چاپتىم.

ئاجايىپ ئىش، ئۆيگە كەلسەم ئانامنىڭ كەيپىياتى باشقىچە بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا بىر بۇلۇڭدا كۆزى ياش يۇقى، چىرايى تاتىرىغان، گويا كېسەل دەردىنى تارتـ

قان ئادەمدەك مەيۈس ئولتۇرۇپتۇ.

— ئانا، ئۆزۈڭدىن بىرىدىقى تىرىشچانلىقىڭ؛ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىڭ بۈگۈن ئەمەلگە ئېشىپتۇ. قارا، ئىدارە بۈگۈن مېنىڭ رەسمىي دۆلەت شتاتىغا ئۆتكەنلىكىمنى ئۇقتۇردى. ئەمدى دادامدەك شوپۇر بولمىغان بولدۇم. بۇ سېنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك ئەجرىڭدىن كەلدى!

مەن ئەنە شۇنداق سۆزلىرىم بىلەن خۇشال كۈلۈپ، ئانامنىڭ قولىدىن تۇتتۇم.

شۇئان ئانامنىڭ يۈزى نېمىشقىدۇر بىر نەرسىدىن قاتتىق خىجالەت بولغان ئادەمنىڭكىدەك «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن يەنە تاتاردى. قايغۇلۇق كۆزىنى كۆزۈمدىن ئېلىپ قېچىپ، ئىتتىكلا يەرگە قاراۋالدى؛ قولىنى گويا چوغ تۇتۇپ سالغان ئادەمدەك ئالقانلىرىمدىن ئىتتىك تارتىۋالدى.

— ياخشى بوپتۇ، ئەمدى شوخلۇقۇڭنى تاشلاپ ئوبدان ئىشلىگىن. داداڭنىڭ كەسپىنى ياخشى ئۆگەن...

ئانام مەيۈسلۈك بىلەن شۇلارنى دېدى-دە، كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالغىنىچە، چىرايىمغىمۇ قارىماي نېرىدىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

ئەجەب ئىش، ئانامغا نېمە بولغاندۇ؟ ھەر قاچان گەپ ئارىسىدا «بالام»، «ئوغلۇم» — دېگەن سۆزلەرنى قىستۇرماي قالمايتتى. بۈگۈن بۇنى تىلغا ئالمىدىيا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبا ئىلمىزگە كەلگەن ئىشقا ئورۇنلىشىشتەك مۇنداق زور بەخت ئالدىدا، ئوغلىنىڭ ئىستىقبال يولىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا خۇشال بولۇش تۇگۇل، قايغۇرۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالغىنى نېمىسى؟ كېسەل بولۇپ قالدىمىكىن-يا؟ ئانامنىڭ ئارقىسىدىن ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىردىم ۋە ھەيرانلىقىمنى يوشۇرمىغان ھالدا:

— ئانا، نېمە بولدۇڭ؟ بۈگۈن باشقىچىغۇ سەن؟ كېسەل بولۇپ قالدىڭمۇ؟ دوختۇرغا ئاپىرايمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق... ياق... ھېچنېمە بولمىدىم! — دېدى ئانام يەنىلا مېنىڭ چىرايىمغا قارىماستىن، — ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. يۈرىكىم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. مېنى ئاراممىچە يالغۇز قويغىن، تۇزۇلۇپ قالارمەن...

ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئانام ئەكسىگە قايتمىدى. دائىم چىرايى تاتارغان، پەرىشانلا يۈرەتتى. بايقىشىمچە، ئەمدى ئۇ مېنىڭدىن قېچىپ يۈرگەندەك، مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمەسلىككە، مېنىڭ بىلەن گەپ-سۆز قىلماسلىققا تىرىشىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. مېنى كۆرسىلا قىزىراتتى، تاتىراتتى، ھولۇقۇپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ئازاتتى. تۈن بويى ئۇيقۇسىز، غەم-غۇسسە، يىغىلارغا كۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى. سەۋەبىنى سورىسام، ئېيتىپ بەرمەيتتى.

كېيىن، دادامنىڭ ئىشكاپ ئۈستىدىكى ئەينەك رامكا ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان رەسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئېلىۋېتىلدى.

— ئانا، رەسىملەرنى نېمىشقا ئېلىۋەتتىڭ؟ — دەپ سورىدىم بىر كۈنى ئانامدىن. ئانام يەرگە قارىغان ھالدا قىزارغىنىچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— رەسىمگە كۆزۈم چۈشسە، يىغا تۇتۇپ، داداڭنى ئەسلەپ كۆڭلۈم بۇزۇلىدىكەن، يۈرەك ئاغرىقىم قوزغىلىپ قالىدىكەن، — دېدى جاۋابەن.

ئانام بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىر قانچە

قېتىم مېنى ئۇخلاپ قالدى، دەپ ئويلىغان چېغى، كېچىدە رەسىمگە قاراپ ھۆكۈرەپ يىغلىغان ھالدا:

— قادىر ئاخۇن، مېنى كەچۈرسىلە! ئاللىدىلىرىدا ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا قارا يۈز بولدۇم. خۇدايىم خوتۇن كىشىنى شۇنداق ئاجىز ياراتقانىكەن، ئىلاج قىلالمىدىم، — دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدىم. قىسقىسى، ئۇ قانداقتۇر بىر سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئىلاجسىزلىقتىن قورۇنۇپ روھىي ئازاب تارتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قالغانىدەك يۈرەتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى مۇستەقىل بىر ماشىنىنىڭ رەسمىي ئۇستىسى بولدۇم. تاپشۇرۇق بويىچە يىراق - يېقىنلارغا قاتناشقا باشلىدىم. يەنە تۆت - بەش ئاي يولدا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا خېلى ئۇستا بولۇپ قالغانىدىم. بىخەتەر قاتناپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداپ يۈرگىنىم ئۈچۈن، ئىدارىدە بىر قانچە قېتىم تەقدىرنامىلەرنىمۇ ئالدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئانامنى خۇشال قىلالمىدى. ئەكسىچە ئانام كۈندىن - كۈنگە چىۋىن يەۋالغان ئادەمدەك، غەشلىككە پېتىپ، جۇدەپ كېتىپ باراتتى. يەنە شۇنداق غەم، يەنە شۇنداق ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىشنىڭمۇ سىرى يېشىلدى. بىر قېتىم ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ ماشىنامنى ئىدارىدىكى لاپاسقا تارتىم - دە، ئۆيگە قايتتىم، بۇ قېتىم بەكمۇ كېچىگە قالغان بولۇپ ئەل ئۇيقۇغا چۆككەندە ئاران ئۆيگە كەلگەنىدىم. ھويلا ئىشىكىنى ئىتتەرسەم ئېچىلىپ كەتتى. دېمەك، ئانامنىڭ ئېسى جايىدا بولمىغاچقا ئىشىكنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. شۇ ئان دېرىزىدىن چىراغنىڭ يورۇق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆي ئىچىدىن گۇدۇك - گۇدۇك ئاۋازلار قۇلىقىمغا كىرگەنىدەك بولدى. تېنىم ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. گۇمان ۋە ۋەسۋەسە بىلەن پەم بىلەن مېڭىپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم. ئۆي ئىچىگە ئىككىلىنىپ نەزەر سالدىم.

«ئاھ! بۇ نېمە كارامەت؟!...»

يۈرىكىم پىچاق تىقىلغانىدەك ئاغرىپ كەتتى. غۇرۇر، خورلۇق، نومۇس، غەزەپ تەسىرىدىن لاغىلداپ تىترەپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. قارىمىسامۇ بولغانىكەن، ئەمما رېئاللىق مېنى بەربىر قارىتىدىغۇ؟

ئۆيدە كېرەم ئانامنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ يېلىناتتى. ئانام بولسا چىرايىدا غەزەپ - نەپرەت قاينىغان ھالدا ئۇنى سىلكىشلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.

ئەھۋال چۈشىنىشلىك، دېمەك، ئۇزۇندىن بېرى قوي تېرىسىگە ئورۇنىۋالغان چىل بۆرە، ئەمدىلىكتە ئانامنىڭ تۇللۇقى ۋە يالغۇزلۇقىدىن پايدىلىنىپ، نىيىتىنى بۇزۇپتۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۆيگە كىرىۋاپتۇ. ئەمما ئانام بولسا رەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئىشىكنىڭ ئوچۇق قېلىشىمۇ، ئانامنىڭ ھودۇقۇشىدىن، ئالدىراپ ئۆيگە قېچىپ كىرىۋېلىشىدىن بولغانىكەن - دە؟!

ئۆزۈمنى زادىلا باسالماي قالدىم، شۇئان ئۆيگە بېسىپ كىرمەكچى ۋە ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ تازا ئەدىبىنى

بەرمەكچى بولدۇم. شۇچاغ يەنە كېرەمنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئىلاجىسىز تىڭشاش ئۈچۈن توختاشقا مەجبۇر بولدۇم.

— گۈلسۈمخان، — دەيتتى كېرەم، ئانامدىن جاۋاب چىقمىغانىدىن كېيىن، ئەلەم بىلەن كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ ھاسىرىغان ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىلىدە يۈز دېگەن نەرسە يوقكەن. ئەگەر ئېتىپنىڭ ئىشى ئۈچۈن مەن يۈت تىرەپ تۇرمىغان بولسام ھەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىلمەمدىلا، شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە بىرەر ئادەمنىڭ دۆلەت شىتاتىغا خىزمەتكە ئورۇنلىشالىشى، مۇردىغا جان كىرگۈزۈش بىلەن باراۋەر. شۇنچە ياخشىلىقلارنى قىلسام زە... تەلىپىمنى رەت قىلامدىلا؟

— كېرەم، مېنى مۇنچىلا قىينىمىسىلا، بىر يىلدىن بېرى تارتقان ئازابلىرىمۇ يېتەر. ئۆلۈۋالاي دېسەم، بالامغا تارتىشتىم. بالامنىڭ يۈزىگە قارىيالماي يۈرىمەن. قادىراخۇننىڭ روھى ئۇرمامدۇ؟

— ھى... ھى... ھى... — مەسخىرە ئارىلاش زەھەرلىك كۈلدى كېرەم ئاپامغا شۇملۇق بىلەن تىكىلگەن ھالدا، — خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، دەپ بىكار ئېيتمىغان-دە! ھېلىغىچە قادىراخۇننىڭ روھى ئۇرمىدىمۇ؟ يەنىلا ئېتىپنىڭ، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قاراپ يۈرىدىلىغۇ؟ بۇ قانچىلىك ئىشتى. ۋىجدان، ئەقىدە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، ئۆتكەندە بولىدىغان ئىش بوپبولدى. ئەمدى مېنىڭ قىلسىلىمۇ ئاقلىنالمايلا. ئۇنداق قىلمىسىلا، كەلىسىلە...

— يۈزسىز ئىپلاس! يوقال كۆزۈمدىن!...

ئانامنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى، ئۇ بىردىن مۇراببا كورىسىنى كېرەمنىڭ بېشىغا ئاتتى. كېرەم بېشىنى ئېلىپ قېچىۋىدى، ئەينەك كورا تامغا تېگىپ چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى. مېنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشالىشىم ئەنە شۇنداق ئىپلاس بەدەل ھېسابىغا كەلگەنمۇ؟ ئانامنىڭ مېنى كۆرگەندە قىزىرىپ-تاتىرىپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشى، دادامنىڭ رەسىمىنى ئېلىۋېتىشى، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئاھ ئۇرۇپ، يىغلاپ چىقىشى ئەنە شۇنداق خورلۇق، ۋىجدان ئازابىدىن بولغان ئىشمىدۇ؟ ئانام بىچارىدە مۇنداق ۋىجدانسىزلىق قىلىش نىيىتى يوق. چوقۇم مېنى، مېنىڭ ئىستىقباللىمنى دەپلا...ھەي!

يۈرىكىم قان-زەردابقا تولدى. يۈگۈرگەن پېتى ئىشىكنى «قارس» قىلىپ تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىردىم. دەھشەتلىك تۇرقۇمنى كۆرگەن ئانام «ۋاي!» دېگىنىچە ھوشىدىن كەتتى. ئەتىمالىم، كارىۋاتقا ئۇچۇپ چۈشتى. كېرەمنىڭ بولسا قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. كىرگەن پېتىم ئۇنىڭ قورسىقىغا كۈچ بىلەن بىرنى تەپتىم. «ۋايجان!»، دېگىنىچە ئۇ كەينىسىغا يىقىلدى. ئاندىن ياقىسىدىن ئېلىپ، بېشىنى كۈچ بىلەن خىش تىزىلغان تاپىسىغا ئۇستۇرۇشقا باشلىدىم.

مېنىڭ نىيىتىمۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، كىشىنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغان بۇ تۈزكور مۇناپىقنىڭ بېشىنى ئۇرۇپ ئېزىۋېتىپ، كۆرگۈلۈكىنى كۆرۈش ئىدى. بىر ھازادىن

كېيىن ئۇنىڭ باش - يۈزى، تاپشا قان-
غا بويالدى. كېرەمنىڭ دېمى ئىچىدىگە
چۈشۈپ، ھوشسىزلىنىپ كەتتى. شۇ چاغ
ئانام يەنە ھوشىغا كەلدىمۇ، بىلمىدىم
ۋەھىمە بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.

— لېتىپ، جېنىم بالام، بولدى قىل
ئەمدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، قاتىل
بولاي دەمسەن! مېنى يالغۇزلۇقنىڭ
ئازابىغا تاشلاپ ئۆزۈڭمۇ ئۇ دۇنياغا
كېتەي دەمسەن! تارتقان خورلۇق - ئا-
زابلىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بەخت -
سائادىتىڭ، كەلگۈسىڭ ئۈچۈن ئە-
مەسمۇ؟...

ئىختىيارسىز ئۇنى ئۇرۇشتىن توختاپ
قالدىم. ئىچىمىش - ئەلەم ئىچىدە، ماڭا
قاراپ ئۆمۈلەپ كېلىۋاتقان، چىرايى
دەھشەتلىك تۈسكە كىرگەن ئانامغا قا-
راپ قېتىپلا قالدىم.

— بالام، مېنى ئۇر! مېنى ئۆلتۈرۈ-
ۋەت! ماڭا شۇ ھەق! ئاندىن كېيىن
ئۇنى نېمە قىلساڭ قىل. ئۆزۈڭمۇ نېمە
بولساڭ بول، لېكىن مېنى كېيىنكە،
سېنىڭ پاجىئەلىك قىسمىتىڭنى كۆرۈش-
كە قالدۇرۇپ قويما! مەن ئەمدى سې-
نىڭ ئاناڭ ئەمەس. ساڭا، داداڭنىڭ
روھىغا يۈز كېلەلمەيمەن!...

ئانامنىڭ ھەر دائىم قان تەپچىپ
تۇرىدىغان ئاپئاق چىرايى، بىرلا قەتەك
ئويناق، ئەللىق كۆزلىرى قېنى؟ قېنى
ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك؟ شۇ تاپتا، ئا-
نامدا، مىڭ يىل كېسەل تارتقان
ياكى گۆردىن ھازىرلا تىرىلىپ چىققان
بىر تىرىك مۇردا تۇراتتى. بۇ مۇردا
پۈتلىرىمنى قۇچاقلاپ ماڭا يالۋۇرماقتا
ئىدى.

بىرىدىنلا ئۆزۈمنى ئۇنىڭ باغرىغا
تاشلىدىم.

— ئانا... ئانا... مەن بىلمەيمەن. بۇ
ئىشتا سەن ئەيىبلىك ئەمەس. شۇنداق
بولسىمۇ قانداق قىلارچە بۇ ھايۋاننىڭ
دامىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا
ئىشلىمىسەڭمۇ ھايات كەچۈرۈشىمىز
مۇمكىن ئىدىغۇ؟ ئەمدى مەڭگۈ ۋىجدان
ئازابىدا ئۆتىمىز. ئەگەر بۇ ئىش ئاش-
كارا بولۇپ قالسا كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قان-
داق قارايمىز؟ ياخشىسى سەن مېنى ئۆلتۈ-
رۈۋەت! ياكى ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قوي، شۇ ئار-
قىلىق مەنمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بۇ دۇنيا-
دىن پاك ۋىدالىشاي، نومۇسىمىزنى ئاقلاي!

ئاپام مېنى باغرىغا مەھكەم باستى.
مەنمۇ ئاپامنىڭ بىلەكلىرىدە ئېسىلدىم.
ئىككىمىز ئىلاجسىز قالغان بىچارىلەر-
دەك بىر-بىرىمىزگە تەلمۈرۈپ قارىشىپ
تۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدۇق.
ئاجىزلىق، مەھكۇملۇق، خورلۇق يۈرەك
باغرىمىزنى ئېزىپ تاشلىغانىدى. ئاھ
رەزىل جاھان! مەنسەپنىڭ، ھوقۇقنىڭ
چېكى يوقمۇ - ھە؟!

— بالام، — دېدى ئانام مەڭزىمنى سىلاپ
تۇرۇپ، — مېنى كەچۈرگىن، ھەممىسى
سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى دەپ بولدى.
بۇ ئىپلاس قارا نىيەتنىڭ قىستىشى،
مەجبۇرلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىمغا
چۈشۈپ كەتتىم. بولارنى بىلمىسەڭ
ياخشى بولاتتى. رەھىمسىز تەقدىر بىزنى
يۈزلىشىپ قېلىشىمىزغا مەجبۇر قىلدى.
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمە بالام! سەنمۇ بالا-
غا قالما. نېمىلا بولسا ياشىغىن، ۋايەي،
يۈرىكىم قىسىلىپ كېتىپ بارىدۇ. ئەمدى
مېنىڭ ئۆمرۈممۇ ئۇزۇنغا بارمىسا كېرەك
ئۇھ...— ئانام دەرمانسىزلانغاندەك ئاستا
يىقىلدى.

ئانامنى يۆلىدىم. قايناق سۇ ئىچكۈزدۈم.
ئاڭغىچە ھېلىقى چوشقا ھوشىغا كەلدى.
كۆتىگە بىرنى تەپتىم - دە، ھېچكىمگە
تىنماسلىقا، ئەگەر تىنىدىغان بولسا

(داۋامى 75 - بەتتە)

# ئايسىز ئايدىڭ

باتۇر روزى

ئايسىز ئايدىڭسەن
دۇنيانى
كۆرسەتكەن كۆزۈمگە ئوغۇز رەڭگىدە؛
دولقۇنلۇق قۇيۇلماقتا باغرىمغا،
چۇشۇرگەمدىن تاشتى شامالار...
كېپەنلەردىن تاشلىدىم قاسراق،
قاڭقىپ چىقىپ قالتىرىغان ئاسماندىن
شۇڭغۇپ كىردىم بوغۇزىغا بورانىنىڭ؛
قوغلاندىم
ئامانەتكە بەرگەن ئۆيۈڭدىن،
يېپىلدىم
نۇر بەرقىگە ھامىلدار غايىبانە چېھرىڭنىڭ —
شولىسىغا باغلىنالماي تىتىلىپ تۇرغان
يورغا يوللارغا...
بارماقلىرىمدىن قاچتى تېيىلىپ
شىلىمشىق قۇببەك،
شەيتان خەمەكلىگەن چۆنەكلەر ئارا
ئۇرۇقلارنىڭ بۆكتۈرمىسىدىن
بىخلىماقتا پىلەكلىرى ناخشاڭنىڭ؛
غوزەكلەرنىڭ ئارامگاھىدا
نۇر پىلىسى ئىشلىمەكتىسەن،
ئىپەكتەك ئەۋرىشىم قەددىڭنى سوزغانچە
سۇكۇناتنىڭ بۇرجەكلىرىدىگە.
سەن كەمىنىڭ كۆكتىكى قەبرە نامىسى؟

ئايسىز ئايدىڭسەن،
كۆكسۈڭدىن باشلانغان رەڭلەر بەزمىسى.
نەپەسلەرنىڭ كاۋاكلىرىدىكى پايانسىز يايلاقلاردا

پىنھان قىيغىتىپ تۇرغان دېڭىزلار يادىسى،
دەملەر توشۇكىدىن نەي ئاۋازىدەك
جاھانغا پاتمىغان ئىشرەت نەغمىسى.
خۇشپۇراق شەھۋەت قىيانلىرىنى
نازاكەت سەھنىسىدە لەرزان ئۇسسۇلغا سالغان
ئەي- ئوغۇزرەك ئەپسۇن!
جان دەرەخىنىڭ ئوق يىلتىزىدا ئېقىپ يۈرگەن چوغلار ئېقىمىنى،
ئەي، ئۆلۈمنىڭ خىلۋەت ئۆردىسىدىن يامرىغان
شاراب توپانى؛
ساقىلارنىڭ بۇزرۇكۋار تاجىغا قادالغان ئەڭگۈشتەردىن
مەن كۆرمىگەن.
تۆرەلمىگاھىدىكى غەيرى دۇنياغا غىل - پال كۆرۈنگەن
ئەي، كۆز تەگكەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز،
قېقىلغان يوقلۇقنىڭ بوغۇزلىرىدىن
پارتلاپ چىققان ئىستەك بومبىسى!
كۆزلىرىمگە كۆرۈنگەن
ئوغۇزرەك ئايدىڭ،
سەن —
تىلسىملارنىڭ رەڭۋاز ئەينىكى!

باغرىمدىكى دۇتارنىڭ تارى
ئويناتماقتا بارماقلىرىمنى؛
دولقۇنلۇق كۈيلەر قايمىسىدا قايماقتا شۇدەم
تاۋۇشلارنىڭ ئىشىكسىز ئۆيىدىكى بەزمىسىدە جىنلارنىڭ
دەرمەكلەردىن مەست بولغان جەسەتلىرىم،
لاتقىلاردا بىخسىمان نەپەس
ھاۋا چىملىقىدا قاتقان كۆپۈكلەرنى توزۇتماقتا ھەم؛
نۇرلارنىڭ توز قانىتىدەك يېيىلغان كۈلكىسىنى كۆردۈم
تېتىلغان ئۇپۇقنىڭ رەڭدارلىقىدا سەجدىگە چۆككەن
قۇلۇپلانغان شاماللارنىڭ ئاھىغا يۆگىشىۋالغان
كېچىلەرنىڭ
گۈركىرىگەن ئوت ئەينىكىدە.
كۆزۈم بۇلاڭچىسى — ئاسماننىڭ تېپىكلىرىدە لەرزىگە
كەلگەنچە،

چۆكتى ئاسمان
ئاتەش قايىنىمىغا تونۇرۇمنىڭ؛

دۇنيا
تولغانىدى قىلىدەك
كۆيدۈرگىلەر داپخانامدا ياسىغان مەشرەپتە.
كۆردۈم
ئەسلىمىلەرنىڭ
قەبرىلەردىن پاناھ تىلەپ قاچقانلىقىنى؛
يالقۇنلۇق تاجىمنى تاشلىدىم بىر پەس،
قوۋۇرغىلار قورشاۋىدا يالىڭاچلاندىم.
تۈتۈنلەردە لەيلەپ يۈرگەن ئۈچقۇنغا ئوخشاش؛
بارلىقىمنى سىلكىپ تاشلىدىم،
قايتىپ كەلدىم ئوغۇز رەڭگىگە
ئايدىڭغا قوشۇلدۇم بىر تامچە سۈتتەك...

ئايسىز ئايدىڭسەن،
غايىب بولغان تاغلار ئورنىدا
قىياسىمدا لەيلەپ يۈرگەن ئەي سۈزۈك مادان،
بەھەيۋەت ئۆركىشى ھۆجەيرىلەرنىڭ
قانداقمۇ پاتقاندۇ ئاراشلىرىڭغا؟
بولمىغىنىمدا
سىنى تۈزگەن بىر تال يىپ ئەگەر،
يورغىلاپ تۇرغۇچى بارماقلىرىمدا
سىغدۇرۇپ ئالالىتتىم ئۇپۇقلىرىڭنى
شەرەتلىرىم قىرغاقلىرىڭغا؟
غايىب بولغان تاغلار ئورنىدا
دۇتارنىڭ قارنىدەك پومپىيىپ تۇرساڭ،
تىمۇش بولۇپ ئۈنەرمەن بىر كۈن
تارلىرىڭدا مۆكۈشمەك ئوينىپ
پىلىدىرلاپ ئۈچقانچە ھەتتاكى —
كۆيلىرىڭنىڭ كەڭلىكتىكى قورشاۋلىرىدىن
بۆسۈپ چىققىنىچە چەتنەپ كەتكەن ئايدىڭدا.

تىترەڭگۈ كىرپىكتە توختىغان ياشتەك
ئەلەڭگۈپ تۇرغىنىم ئېسىمدە پەقەت،
كۈن نۇرىدەك سوزۇلسىمۇ كۆزلىرىم
بېغىرلاپ قايتالماس ئەلەڭگۈچىڭنى؛
ئۈنىڭ تىرەن تۈگۈنچەكلىرىگە
دېڭىزلارنى بويلاتماقتىسەن،

ئۈنىڭ يۈكسەك بالداقلىرىغا
جاپاكەش قۇياشنى سەكرەتمەكتىسەن،
كىشىنىمەكتە ئالەملەر
ئايا غلاشماس مۇساپەڭ ئارا ...

ئايىسىز ئايدىڭسەن،
بىر چەتتى قارايغان پايانسىز خىيال
تىمىسقىلاپ كەلمەكتە بۈرجەكلىرىڭدىن،
ئوغۇز رەڭلىك بۈرغۈندەك؛
دەم يوقاپ كەتمەكتە ئەمچەكسىمان ئايدىڭدا،
دەم ئۈنمەكتە چاقماقلارنىڭ يالتىرىشىدا؛
قەدەھلەرنىڭ قىسلاچىلىرىدا
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان شاراب
چاقماقلارنىڭ يىرىقلىرىدىن
تاش يامغۇرى بولۇپ تۆكۈلەر،
ئالۋۇنلارنىڭ ئۆركەشلىرىدە
دولقۇندىن - دولقۇنغا سەكرەيدۇ شۇدەم،
قاناتلىرى ئۈستىدىن
ئىرغىتىپ تاشلايدۇ تۆرەلمە پەتى
بىسى قايرىلغان قىلىچقا ئوخشاش
ئالۋۇنلار ئۆركىشى ئۈستىگە مېنى.

ئايدىڭنىڭ پايانسىز ئىقلىملىرىدا
ھىجران ئوردىسىدا سەرسان بىر شاھەن،
شولىلار شاۋقۇنى سىڭگەن ناخشامنىڭ
ئاۋازىغا ئالدانغان ئۆزۈم؛
خانىشىنىڭ تازاكەت بەزمىسى ئارا
ناخشىلار ئوقۇيدۇ ئېزىققان كۆزۈم:
ئوغۇزرەڭ ئەي دەرەخ،
ياپرىقىڭ يېشىل،
ئوغۇزرەڭ جۈپ يىلتىز ئاچىماقسىمان؛
ئاغزىڭدا ئىككىگە بۆلۈنگەن قۇياش،
يىغلىغان ئايدىڭسەن قۇيۇنغا ئوخشاش،
ئاتەشلىك ئورداڭدا قىزارغان چوغلار
ئوغۇزرەڭ نۇرلارنىڭ پاتقاقلىرىغا
چېكىنىپ ئۆگەنگەن چىملىقلار ئارا
جانلار يولۇقسىنى چىللايدۇ شۇئان!
ئەي، يالقۇن قاينىمى،

ئەي، گۈلگۈن باشاق،
ئەي بىر يىل يىگىنىگە مۆجەسسەم ئايدىڭ،
جاراھەت ئاغزىدىن تاشقان ئەي، چېچەك،
يىغلار شەھىرىنى ئۇۋۇلىغان كۆلكە،
كۆلكىلەر ھۆسنىگە قان تەپكەن ئارمان!
ئارمان تۈنلىرىنى ئالدىغان سەھەر،
سۇبھىدىن مەي تىلەپ ئالجىغان شامال؛
قەبرەمنى كۆردۈم مەن:
دىۋەيلەپ كېلەر
شاماللار ئايدىڭنى بېخىرلاپ شۇدەم
يىقىلغان ئۆگزەمدىن ياپىغانچە قانات
جەسىتىم ئۈستىدە سىلكىنگەندە پەر...
ئوغۇزرەك نۇرلارنىڭ پاتقىقى ئارا
ئايدىڭغا يامرايمەن،
ئانا ئايدىڭغا؛
ئايدىڭدىن — ئايدىڭغا سوزۇلغان دەملەر
شاراب كەل كۆتىمەن تەشنا باغرىڭغا.

## «ئايسىز ئايدىڭ» ھەققىدە تەھلىل

ئەخمەتجان ئوسمان

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر ئېغىز سۆز:

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى باشقىلار تەرىپىدىن «گۇڭگا شېئىر» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىنىڭ بىر ۋەكىلى. ئۇ ئۆزىنىڭ «بەندىلەر» ناملىق ئۇزۇن شېئىرى بىلەن ئۆز ئىجادىيىتىدە بۇرۇلۇش ياسىغان بولسا، تەھلىلىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولغان بۇ قەسىدىسىدە ئۆزىگە خاس دۇنياسىنىڭ دەسلەپكى تەكامۇللۇقىنى ياراتتى.

### 1. تېكست كىم - نېمىگە خىتاب قىلىۋاتىدۇ؟

شەك - شۈبھىسىزكى، تېكىستنىڭ خىتاب ئوبيېكتى «ئايسىز ئايدىڭ»، بىراق، بۇ ماۋزۇنىڭ ئېھتىماللىق مەنا دائىرىسى قانچىلىك؟ «ئايدىڭ» دېگەن سۆز «ئاي»نى شەرت قىلىدۇ، «ئايسىز» دېگەن سۆز «ئاي»نى رەت قىلىدۇ، بۇ توقۇنۇش «ئايدىڭ» سۆزىنىڭ پارتلىشىنى پەيدا قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئېھتىماللىق مەنىنى يارىتىدۇ. سۈت ۋە كېچە بىلەن كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى پىنھان مۇساپە.

سۈت — ئىنسانىيەتكە ئېقىپ كىرگەن دەسلەپكى جەۋھەر.
كېچە - كۈندۈز ئارا پىنھان مۇساپە — تراگېدىيە.

دېمەك، «ئايسىز ئايدىڭ» ئۆزىنى تۆۋەندىكىندەكلا شەرھىيلىيەلەيدۇ: تراگېدىك جەۋھەر.

## 2. تېكىستنى چۈشىنىشكە كىرىش

تەھلىلىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىن مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىز: ھەقىقەت ئاپتور ئۈچۈن تراگېدىك جەۋھەردىن ئىبارەت. مېنىڭچە، ھەقىقەت — ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا مەڭگۈ مۇھتاج بولۇپ قېلىۋېرىدىغان شەكىل. ھەر بىر ئىنسان ھەقىقەتتىن ئىبارەت بۇ شەكىلگە ئۆز مەزمۇنىنى ئاتا قىلىشقا مەجبۇر. ئاپتور بۇ شېئىردا ھەقىقەتكە «تراگېدىك جەۋھەر» مەزمۇنىنى ئاتا قىلدى.

تېكىستنىڭ دەسلەپكى ئۈچ مىسراسىغا قاراڭ: ئەي ھەقىقەت! سەن تراگېدىك جەۋھەر سەن، بۇ قاتقان دۇنيانى ماڭا جەۋھەردەك پاك، پىنھان مۇساپىدەك مەڭگۈلۈك كۆرسەتتىڭ دېيىلگەن. «ئايسىز ئايدىڭسەن» دەپ باشلانغان ئىككىنچى بۆلەكنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسىغا قاراڭ: ئەي تراگېدىك جەۋھەر! تەبىئەت دەپ ئاتالغان بۇ شائىلىق ئورگىستىر سەندىن باشلانغان دېيىلگەن. «ئايسىز ئايدىڭسەن» ئۈچىنچى بۆلەك—دەسلەپكى رېتورىك سوئالغا قاراڭ: ئۇلۇغلۇق غايىب بولغان بۇ دۇنيادا، ئەي ھەقىقىتىم، ئەي سۆيۈملۈكۈم، پەقەت ئۆزۈڭلا مۇكەممەللىك ئىقتىدارىنىڭ كامالەتسىز ئەۋجىنى ساقلاپ قالغان يۈكسەكلىك بولالىدىڭ دېيىلگەن. تۆتىنچى بۆلەك دەسلەپكى ئۈچ مىسراغا قاراڭ: زېمىن تومۇرلىرىغا ئۈزۈلمەي ئېقىپ كىرىدىغان قان، سەكراتتىكى بۇ زېمىننى داۋاملىق تىنىقلاندۇرۇپ تۇرىدىغان زاپاس قان — سېنىڭ تۈگىمەس قېنىڭدۇر دېيىلگەن. مانا بۇ تۆت مەرغۇل «ئايسىز ئايدىڭ» مۇقامىنىڭ لىرىك سىيوژىتىنى قۇرۇپ چىققان.

## 3. تېكىستنىڭ تەپسىلاتى

«قوغلاندىم ... ئامانەتكە بەرگەن ئۆيۈڭدىن»: ئەي تراگېدىك جەۋھەر! سەن ماڭا بەرگەن مەڭگۈلۈكتىن زامان مېنى ھەيدەپ چىقاردى، مەڭگۈلۈك دەپ ئاتالغان باقىي ئىقلىمىغا ماكان ئىسكەنجىسى سېلىندى، سەن سىرتتا سۈرگۈن، پەقەت ئىچىمدىلا ئۆز باقىي ئىقلىمىغا قايتالايمەن.

«قېنى، ھامىلەنىڭ تىغ تۇغۇلىدىغان ئانىسى، سۆڭەكلەر تۇمشۇقىدا چېچەكلىگەن ياش، تەبەسسۇمنىڭ سۈرگۈن ئانىسى؟»: زېمىن تراگېدىك جەۋھەرگە ھامىلدار، ئۆز ياراتقۇچىسىغا ھامىلدار، زېمىن ئۆز ياراتقۇچىسىنى تۇغالماي مەڭگۈ تولغاق يەيدۇ، ئەگەر زورمۇزور تىغ ئېزىپ قالسا تراگېدىك جەۋھەر ئۆلۈك ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ. شۇڭا زېمىن ئاياغلاشماس تولغاق، شادىيانە قايغۇ، نالىلىك تەنتەنە!

«باغرىمدىكى دۇتارنىڭ تارى ئوينىماقتا بارماقلىرىمنى»: پىلاتون «غايىۋى دۆلەت» دېگەن كىتابىدا «ئۇلۇغۋار ياخشىلىق» دەپ ئاتىغان پەلسەپىۋى ئۇقۇمنى مۇنداق شەرھىيلەيدۇ: قۇلاق ئاۋازنى بىۋاسىتە ئاڭلىيالايدۇ، بۇرۇن پۇراقنى بىۋاسىتە پۇرىيالايدۇ، بىراق كۆز نۇر ۋاسىتىسى ئارقىلىقلا

شەيئىلەرنى كۆرەلەيدۇ، دېمەك، نۇر — كۆز بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغۋار ياخشىلىق. دۇتار بىلەن بارماق ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر ئۇلۇغۋار ياخشىلىق مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ مۇزىكا! ئەگەر مۇزىكا بولمىغان بولسا دۇتارمۇ، سەنئەتكار بارماقمۇ بولمىغان بولاتتى. تۇغۇلمىغان ئانا — مۇزىكا، بارماق دەپ ئاتالغان سۆڭەكنى چېچەكلىگەن ياش — دۇتارغا ھامىلدار قىلدى. قەغەزنىڭ ئاقلىقى شائىرنى قەسىدىگە ھامىلدار قىلدى، دۇنيانىڭ بىمەنىلىكى سۈرگۈننى ئارامەگاھقا ھامىلدار قىلدى! تىراگېدىك جەۋھەر مېنى «ئۇ»غا تولغاق يېگۈزدى...

«ئۇ» زادى نېمە؟!

ئۇ تۇغۇلمىغان ئانا، شائىرغا تولغاق يېگۈزگەن مۇقەددەس تۆرەلمە. شائىر ئۇنى ئۆلۈك تۇغۇپ قويماسلىق ئۈچۈن «بارلىقىنى سېلىپ تاشلىدى». يەنى «ئايسىز ئايدىڭ» ياكى تىراگېدىك جەۋھەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇغدۇردى، شائىر ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق «قايتىپ كەلدى ئوغۇز رەڭگىگە»، پاكلىققا قايتىپ كەلدى، ئۇ «بىر تامچە سۈتتەك» — ئىنسانىيەتكە ئېقىپ كىرگەن دەسلەپكى جەۋھەرنىڭ بىر ھۆجەيرىسىدەك، «ئايدىڭغا» — كېچە-كۈندۈز ئارا پىنھان مۇساپىگە — تىراگېدىيىگە «قوشۇلدى»...

زامان — «ئايدىڭدىن-ئايدىڭغا» كۆچمەن يولۇچى، ئىنسان — ھەم «جاراھەت» ھەم «جاراھەت ئاغزىدىن تاشقان چېچەك»، ئۇ «ئوغۇز رەڭ نۇرلارنىڭ پاتقىقى ئارا»، ماكان ئىسكەنجىسىدىكى مەھبۇس جەۋھەرلەر ئارا «ئايدىڭغا يامرايدۇ»، زادىلا تۇتۇق بەرمەيدىغان ئەركىن تىراگېدىك جەۋھەرگە يامرايدۇ!

## 4. تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسى

تېكىست بىر نوتىدىن - ئايسىز ئايدىڭدىن - «دو»دىن باشلىنىپ ئەينى شۇ نوتىدا ئاخىرلىشىدۇ، «دو»دىن «دو»غىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق نوتىلار «دو»نىڭ ئالدى بىلەن تۆۋەنگە، ئاندىن يۇقىرىغا سوزۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئايسىز ئايدىڭ كۈندۈزگە بىر تۆۋەنلەپ، كېچىگە بىر كۆتۈرۈلۈپ يەنە ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ.

كۈندۈز — ماكان.

كېچە — زامان.

ئايدىڭ — ماكاندىكى زامان، زاماندىكى ماكان.

تېكىستنىڭ قۇرۇلمىسى «ئايسىز ئايدىڭغا» يېپىلغان شەكىل، «ئايسىز ئايدىڭ» شەكىل سىرتىغا تاشقان مەزمۇن. تېكىست شەكىل سۈپىتىدە بىر مۇكەممەل قۇرۇلما، چۈنكى ئۇ «ئايدىڭنى» مەركەز قىلغان چەمبەر، «ئايدىڭ» مەزمۇن سۈپىتىدە چەمبەرنى كېسىپ ئۆتكەن تۈز سىزىق، چۈنكى ئۇ چەكسىزلىككە سوزۇلغان مەركەز.

سكرو ماقالىلەر

# شائىرنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغىنى

مەتتۇرسۇن ئېلى

كىتابخان شائىر ئوي - پىكىرلىرىنىڭ، ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆلۈك ھالدىكى قوبۇل قىلغۇچىلىرى ئەمەس. ئۇ ئالدى بىلەن ھۇزۇرلانغۇچى، لەززەتلەنگۈچى، شېئىرنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇچى. ئۇ شائىر تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار (شېئىردىي مەنزىرە، شېئىردىي كارتىنىلار) ئاساسىدا باغلانما تەسەۋۋۇرلىرىنى قانائەتلاندۇرۇپ، شېئىرغا نىسبەتەن قايتا ئىجاد قىلىش خاراكتېرلىك زوقلىنىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ (شېئىرنىڭ ئىستېتىك قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىمۇ مۇشۇ جەرياندا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ). بۇنىڭ ئۈچۈن شائىر كىتابخانغا ئۆز شېئىرىنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇچى سۈپىتىدە، ئۆز شېئىرىدىن لەززەتلەنگۈچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قانائەتلاندۇرىدىغان شېئىردىي ئوبراز، ھېسسىياتىغا ھېسسىياتنى ئۇرغۇتىدىغان شېئىردىي مەنزىرە بېرىشى، ھەممە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى قانائەتلاندۇرۇپ، ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئوي - خىياللىرىغا ئورتاقلىشىشقا يېتەكلىشى كېرەك، شائىر كىتابخانغا ئۆز ئوي - خىيالىنىڭ، كەيپىياتى ۋە سەزگۈلىرىنىڭ نەتىجىسىنى، ئەقلىي يەكۈنلىرىنى بەرمەستىن، بەلكى ئوي - خىيالىنىڭ، كەيپىياتى ۋە سەزگۈسىنىڭ نەق ئۆزىنى بېرىشى كېرەك.

يەنى، شائىر كىتابخانىنىڭ قەلبىگە قىزىل گۈلنى تىقىۋالماستىن ۋە ياكى قىزىل گۈل دېگەن ئابستراكت ئۇقۇمنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ كىتابخان ئىدراكىدا قىزىل گۈل دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ قىزىل گۈل ھەققىدىكى بىۋاسىتە سەزگۈلىرىنى، پىسخىك تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قىزىل گۈل ھەققىدىكى تەسىراتنى پەيدا قىلىشى كېرەك. بۇ شائىرنىڭ ئۆز شېئىرى ئارقىلىق كىتابخانغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئەقەللىي نەرسىسى.

شائىر شېئىرنى مەن يازىمەن، كىتابخان ئوقۇيدۇ دېگەن مەقسەتتە يازماستىن، بەلكى مەن باشلايمەن، كىتابخان تاماملايدۇ دېگەن مەقسەتتە يازغىنى ياخشى. ئەگەر شائىر شېئىرنى ئۆزى باشلاپ ئۆزى تاماملىۋەتسە ئۇ ھالدا شېئىرنىڭ ھېچقانچە مەززىسى بولماي قالىدۇ. بۇ ھال شائىردىن ئۆز شېئىرلىرىدا كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا بوشلۇق قالدۇرۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئۆز باغلانما تەسەۋۋۇرلىرى، ئەسلىمىلىرى، خاتىرىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئارقىلىق بوشلۇقنى

تولدۇرۇپ شېئىرنى تاماملاپ، شېئىرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تولۇق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قالدۇرۇلغان بوشلۇق شېئىرنى شائىرنىڭ يازغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.

مۇبادا بىر پارچە شېئىردا شائىرنىڭ كىتابخانىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىسى بولمىسا ياكى كىتابخانىلارنىڭ ئىجادىي زوقلىنىشى، تولۇقلاپ زوقلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلمىغان بولسا، ئۇنداق شېئىرنىڭ ھېچقانچە ئېستېتىك قىممىتى ھەم ئەھمىيىتى بولماي قالىدۇ. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى پارچە شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئانا كۆيەر بالىغا،
بالا كۆيەر بالىغا.
نېچۈن شۇنداق يارالدۇق،
كۆيمەس بولۇپ ئانىغا؟

× × ×

ئۇمۇ ئادەم بالىسى،
بۇمۇ ئادەم بالىسى.
قاچان تۈگەر ئەي تەڭرىم،
ئادەملىكنىڭ چالىسى؟

قارىماققا شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى سوئال بەلگىسى ئارقىلىق كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا بوشلۇق قالدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز تۇيغۇ - سەزگۈلىرىنى قوزغىتىپ، تەسەۋۋۇرلىرىنى قاناتلاندۇرۇپ، شېئىرغا نىسبەتەن تولۇقلاپ زوقلىنىش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇلغاندەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئابستراكت ئەقلىي تەپەككۇر يەكۈنلىرىنىڭ، ئەقلىي ئۇقۇملارنىڭ قاپىيەلىك تىزمىسى بولغان بۇ شېئىرلار كىتابخانىلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى بوغۇپ، ئۇلارنى پەقەت قۇپ-قۇرۇق ھالەتتىكى سوئال بەلگىسى بىلەنلا تەمىنلەيدۇ، خالاس.



# ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

# شېئىرلار

## غەيرەت غوپۇر



غەيرەت غوپۇر 1968 - يىلى تۇغۇلغان. 1985 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ داشۆ-نىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1990 - يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلماقتا. ئاپتور 1983 - يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 300 پارچىگە يېقىن شېئىر، بەش پارچە ئوبزور، بەش پارچە بالىلار ھېكايىسى ۋە باشقا قانۇن پەنلەردىن بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئاپتور 1990 - يىلى ئىك-كىنچى قېتىملىق تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. يېقىندا ئۇنىڭ «ئامانىسا» نامىلىق تېكىستى مەملىكەتلىك ناخشا كۆرىكىدە مۇكاپاتلاندى. ئاپتور شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھەمدە شىنجاڭ قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

### ئۈرۈمچىدە بولار كۈز پەسلى

پىلىدىرلايدۇ دەرەخ شېخىدا،
مىسكىنلىككە مەھكۇم ياپراق.
ئۇلار شۇنچە ئاجىز پەرىشان،
ئۈزۈك ئۈنلەر قارا قۇشقاچلار.

بۇلۇڭلاردا پۈتكەن قەبرىسى،
سەت ھومىيار سوۋرۇن شامالغا.
ئۇلار تىلسىز، ياش تۆكەر ئاسمان،
تۈنۈگۈنكى زەڭگەر جامالغا.

تىترەڭگۈ روھ كەتكەندەك جىمىپ،
ئۈرۈمچىدە بولدى كۈز پەسلى.
بالىكۈنلاردىن نەزەر سال ئېسىدىم،
بالدۇر كەلدى سېرىق كۈز پەسلى.

### قىش ئاخشىمى

مۇزدەك تىنىق چىققار بۇرنىدىن،
دەرەخ قاقشال تەبىئەت سوۋرۇن.
يېپيېڭىچىسىز قارا قۇشقاچلار،
شاماللاردا تىترەيدۇ بۈگۈن.

بۈك چىمەنلەر كەتكەن قېتىشىپ،
يا نېپا شىلىنىپ بولماس ياتقىلى.
بىراق دۇنيا كوچىلىرىدا،
بار جۇدۇنلۇق ھاياتنىڭ تىلى.

ئۇ ياقلاردىن بۇ ياقلارغا بىز،
كەلدۇق تىترەپ سەرسان كاككۇكتەك.
كەتتى سىڭىپ مۇزنىڭ تىنىقى،
قېتىپ قالدى پەرىشتەم مۇزدەك.

### ئاھ قەلبىم...

نېمىگە ئوخشايدۇ ھاياتىم؟
ئىلاھىم سۆزلىگىن سۆزلە تېز.
بولسىچۇ شامالدەك قاناتىم،
ھۇجراڭغا باراتتىم بەك ئەنسىز.

ئۆلسەملا ئايلىنىپ شەپەققە،
يوللاردا قالمەن غېرىبتەك.
باش ئۇرۇپ باش چايقاپ شەرققە،
يۈزلىنىپ چاقنايمەن چېقمىندەك.

غايىبىي پەرىزات ئۇيا قتا،
چوغلىنار قەلبىمنى مىنىڭ بىر دەرد.
ئاخشامقى چۈشۈمدە بۇيا قتا،
پەرىزات يوق ئېكەن ئاھ پەقەت!

# ئۆزلۈك ناخشىسى

ئەركىن نۇر

## ۋەسىيەتنامە

تۇغۇلدۇڭ سەنمۇ ھەم خۇددى مېنىڭدەك،
پېشانەڭ شور بولغاچ مۇشۇ دۇنياغا.
شايا تون نەسلىدىن بولساڭمۇ، زامان —
بەندىلىك تونىنى كىيگۈزەر ساڭا.

ياشايسەن گويا كى ياشىمىغاندەك،
ياشىماق سەن ئۈچۈن ۋەزىپە چوقۇم.
قانىتىڭ كېسىلگەن، چۈنكى ئەزەلدىن
زېمىندا ياشىماق بەندىگە ئۇدۇم.

پاچاقلا ئۆزۈڭنىڭ زىندانلىرىنى،
پاچاقلا ئۇدۇمۇڭ، تەرتىپلىرىڭنى.
ياراتقىن ئۆزۈڭنى قايتىدىن ھەتتا
ياراتقىن دۇنيانى، يارات خۇدانى!

## يىراق ۋە يېقىن

لاۋرېنىس ئېيتىدۇ: ئاشىق-مەشۇقنىڭ،
مەڭگەركىم قوشۇلسا روھى مۇكەممەل؛
ئاھ ئۇندىن يىرىلار يەكتا پەرىشتە،
يىرىلار ۋە ھەتتا بىھىش شۇ مەھەل.

ئىزلىدىم پەرىشتە، كەزدىم روھىمنى،
ئىزلىدىم پەرىشتەم روھىڭدىن سېنى.
ئۆلۈمنىڭ قۇشىدەك ئۈركىدىڭ، قاچتىڭ،
يىراققا قوشۇلدۇڭ تاشلاپ سەن مېنى.

قوغلىدىم، قوغلىدىم، قوغلايمەن تېخى،
جاھاندا سېنىلا قوغلايمەن ئەركەم.
شىپالىق ئوتۇڭدا يۇيۇنار جىسمىم،
بارخانىڭ ئاستىغا چۆكۈپ دەممۇ-دەم.

شۇ قەدەر بىپايان چۆللۈكتۇر تېنىڭ،
بىر ئۆمۈر چۆللۈكتە بارىمەن ئالغا.
ئىزدىقىپ قالىمەن گاھىدا سېنى —
تاپالماي، سىزىمەن ئۆزۈمنى تەنھا...

نازلىنىپ ياتساڭمۇ قۇچاقلىرىمدا،
مېنىڭدىن يىراقسەن، يىراقتىن يىراق.
پەرىشتە، پەرىشتە كەتتىڭ قايانغا؟
مەۋجۇتمۇ ئالەمدە ياكى لاۋرېنىس —
كۆرگەنمۇ چۈشىدە سېنى ئاشۇنداق؟!

## دوزاخ قەسىدىسى

1

گۈگۈمدىكى ئۈچكەن نۇرلاردىن،
سورالايمەن سېنى ئاھ جانان.
قەلبىمدىكى ئالتۇن قۇرلاردىن،
ھەل بېرىمەن ئۆزۈمگە ھامان.

يەكلەنگەچكە ئۆلۈمم مېنى،
مۇز قېتىدا ياشايمەن ھەر ۋاق.
ھەقىقەتنىڭ گۈزەل تۇنىنى،
ئۆمۈر بويى كۈيلەيمەن شۇنداق.

يېرىلمىدى مۇزلار، يېرىلدىم،
كېلەچىكىم تاشلاپ كەتكەندە.
گۈلخان - لاۋا ئىچرە تىرىلدىم،
دوزاخ ئانا باغاش ئەتكەندە.

كۆل قىلساڭمۇ روھىمنى پىراق
ئۆلمەس تەننى قىلدىڭ سەن نېسىپ؛
دوزاخ، دوزاخ ئانىجان دوزاخ،
ئايىغىڭنى سۆيەي مەن قېنىپ.

2

سەن ماڭا ئېچىلغان دوزاخ ئىشىكى،
قانلارنىڭ ئۈنىدە يىغلىغان يۈرەك.
مەن ساڭا مەھبۇسمەن، مەھبۇسلۇق چوقۇم
ئاھ، گۈزەل تۇغۇمدىن بېرىدۇ دېرەك!

كۆمۈشرەڭ بۇژغۇنلار سۆيەر روھىمنى،
چايكىلار، ئۈنىدە سىڭەمەن ساڭا.
ئۈنىمەن خەنجەر بوپ، جىمى شەكىلگە
سىغمايمەن ھەتتاكى كۆالى دۇنياغا.

زەردابىنىڭ قىنىغا پاتماستىن ئۆزۈم،
تاشقىنلاپ ئاقىمەن سەرسان بۇلۇتقا.
چېقىلىشام سامانىڭ يىراق چېتىدە،
كۆمپەيكۆم بولغۇسى جەننىتىم ئۇندا.

سەن ماڭا ئېچىلغان دوزاخ ئىشىكى،
قانلارنىڭ ئۈنىدە يىغلىغان يۈرەك.
مەن ساڭا مەھبۇسمەن، مەھبۇسلۇق چوقۇم
سۇمرۇغنىڭ ئۆزىدىن بېرىدۇ دېرەك!

## تاش چېھرىدە سوغۇق تەبەسسۇم

تاش چېھرىدە سوغۇق تەبەسسۇم.
يامغۇر. تېلېفون. نەقەدەر ئۇزۇن!...
ئېلېكترونلۇق مېڭىدۇر ھەممە،
بىر - بىرىگە ناتونۇش، يوچۇن.

قەبرىلەردىن قوپۇشار جەسەت.

كوچىلارغا چىقار يالىڭاچ؛
سەرسان سايە كەتسە قىستىلىپ.
چىراغ چاچار قارا نۇرىنى،
تۈندە قۇياش پارلىسا ئېزىپ.

ئېلېكترونلۇق مېڭىدۇر ھايات.

كولانسا گەر بەختلەر تىرەن،
تېپىلغۇسى كۆمۈلگەن ئازاب.
گۈل بەرگىدە تامسا كۆز يېشى،
يارالغۇسى ئۈنىڭدىن شاراپ...

تاسادىپلىق مەڭگۈ ھۆكۈمران!

## مەجنۇن ناخشىسى

— بىر كىتاپقا پىغىشلاپ

پاچاقلا، پاچاقلا كىشەننى تامام،
چىرىگەن ئەخلاقتا كىيىمىڭگەن بەندە؛
چۆرۈۋەت كىيىمنى، چۆرۈۋەت تۈگەل،
ئازاد قىل ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى ھەممە!

ئۇتقۇن قىپ ئۆزۈڭنى ساختا ھاياتقا،
لىرىكا پۈتمىگەن كېچە - كېچىلەپ؛
ئاشىقىڭ قويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقما،
پايخان قىل كىتاب ۋە شېئىرىڭنى
چەيلەپ.

لىرىكا، ئاھ ئۆزى شېرىن دەقىقە،
لىرىكا، ئاھ ئۆزى چايقالغان بەدەن؛
لىرىكا، ئاھ ئۆزى تاتلىق سۆيۈشلەر،
لىرىكا، ئاھ ئۆزى راستتىن پۈتۈلگەن!

ئالدىڭدا يېيىلغان نازۇك بەدەنىڭ،
غەۋۋاس بوپ شۇڭغۇغىن چوڭقۇر لىرىغا.
ئۇنتۇلسۇن ئازابلار، ئۇنتۇلسۇن ھەممە،
ئۇنتۇلسۇن رەزىللىك، ئۇنتۇلسۇن دۇنيا.

پاچاقلا شەرىئەت كىشەنلىرىنى،
چىرىگەن ئەخلاقتا كىشىنىگەن بەندە؛
چۆرۈۋەت كىشەنلىنى، يىرتىۋەت تۇگەل،
ئازادقىل ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى ھەمدە!

## سۆيگەنىدىم بىر زامان سېنى تۇمان قېتىدا!

سۆيگەنىدىم بىر زامان سېنى تۇمان قېتىدا،
ئاقىنىدا سىرلىرىك جىسمىم ئېيارا شاۋقۇنلاپ.
يۇلتۇز بولغان سەن ماڭا، ئېلاھە بولغان سەن ماڭا،
پارىتا تىتىك قايتىدىن ھەم چاقتىپ پارچىلاپ،
تېردۇلىپ زەررەمنى قوراشتۇرۇپ چىقاتتىك،
كۆرگىنىمدە ئۆزۈڭنى، ئەكسىلەنگەن چاراقلاپ...
يوچۇن تەنىمك سۆيمگە تەشنا بولغان ئىت ئىدىم،
دەسسەسەڭمۇ پايخان قىپ، سۆيەتتىم مەن پۇتۇڭنى.
يىرگىنىشنىڭ قامچىسى سەگىتكەندە چاراسلاپ،
تېمىتاتتىڭ كېلىمغا، زەمزەم كەبى ئوتۇڭنى.
ئۆلەمەيتتىم ئاھ ئەجەب، ئۆلۈم مەندىن قاچاتتى،
زۇلمەت بولۇپ ھاياتىم يېپىلاتتى بېپايان.
سىرداش بولۇپ ئۆزۈمگە تۈننى تاڭغا ئۇلىسام،
مەھەم بولۇپ قەلبىمگە تېكىلاتتى باياۋان.
ئۆچۈپ قالدىڭ تۇيۇقسىز، جۇدا بولدۇم سېنىڭدىن،
جۇدا بولدۇم دۇنيادىن، جۇدا بولدۇم ھەممىدىن.
ئۆمرۈم ئۆتكەن بولسىمۇ سەكرات ئىچرە قان يۇتۇپ،
يانىدىڭ يەنە...

ئاھ سېنى تېپىۋالدىم قايتىدىن.

..................................................

كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن، ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈرگىن،
ئاتەش باغرىڭ ھاڭىغا ئاتقىنىمدا ئۆزۈمنى؛
ئۆلۈمدىن ئىزلەيمەن چوغلۇردىن تېنىڭنىڭ،
ۋاقىت - زامان سىرتىغا سۈرگۈن قىلغىن سەن مېنى!

## خۇشلىنىش

ئورۇندۇقلار ئەيلەيدۇ دۇتار كۈيى ئۈستىدە،
نەقەدەر قىستاڭ - ھە! پاتماي قالدۇق بىز.
ناخشىچى يىگىتنىڭ ئۈنى ھەم خىرە،
پەدىلەر ئالمىشىپ تۇرىدۇ تېز - تېز.

جۇپ تەندە نەۋباھار قىشلىرى ئۇچار،
ئىز ئالمىشىپ ئوت يالقۇن تېگىدىن ئۇۋا.
كۆيدۈردۇق، ئوتلىرىڭ پاكلىقى دىلدار،
(تېنىمدىن رەزىللىك بولدى ھەم جۇدا).

مەسۇملۇك سۈتىدە سۇغاردىك مېنى،
مەسۇمىدىن مەسۇمە دىلدارىم تۈندە.
كۆرسەتتى ئاۋۋالقى مۇدھىش ئۆزۈمنى
چىسمىڭ ئەينىكى،
يىغلىدىم ھەسرەتلىك ئۈندە...
شەبنەملەر شەربىتى، پاكلىق ئالەمى،
ئېۋىمنى سۆيگەندە تېرىلدىم قايتا.
مەن بىلەن خوشلاشتى كۆلەرەك كۆلەڭگەم،
كۆزىدە ياش ئېلىپ گۈزەل شۇ جايدا.

چۆكمە بوپ ئۆزۈمگە چۆكتۈم كۆپ تىرەن،
ۋە ھەتتا ئەبەدكە چۆكەرمەن تېخى.
ئەي دىلدار ئوتتۇڭدا پاكلاندى روھىم،
چىن سۆيگۈ بابىدا سېخىيسەن، سېخىي.

مەن كەتسەم يىراققا، مۇزلۇق شەھىرىمگە
يۈرىكىم قورشايدۇ بىر سېنى جانان.
ئۆزۈڭنى يۈتتۈرمەي ياخشى قال دەيەد،
بىز ۋىسال تاپقۇچە بولغىن سەن ئامان.

# شېئىرلار

## ئادىل تۇنىياز

### سۆيۈشكەن ۋاقىت

بىز ئىككىمىز تۆت تام ئىچىدە،
ئۇنتۇپ قالدىم «ئا» ھەرپىنى.
ئۇنتۇپ قالدىم بىر پاي كەشىمنى،
ئۇنتۇپ قالدىم ئوڭ - سول قولۇمنى.
ئۇنتۇپ قالدىم كەتتىمۇ، بارمۇ
رۇجەكتىكى سۈزۈك كوچىدا
بادام دوپپا كىيگەن ئۇ ئادەم.
ئۇنتۇپ قالدىم ئەتراپتا
قۇش بار - يوقلۇقىنى.

بۇ شەھەردە قاتىل يوق،
بۇ شەھەردە ياخشى ئوغرى بار.
بۇ شەھەردە ئوغلاق ئەڭ ئوماق،
بۇ شەھەردە ياق، بېيجىڭدىمۇ
مارىستىمۇ ياشار ئۇيغۇرلار.
بۇ شەھەر ياق، ۋاتىكاندىمۇ
مەسچىتلەر بار، بىز بار، خۇدا بار.

بىز، ئۆينىڭ ئىچىدە
ئېقىۋاتقان بۇلاق ئىككىمىز،
چىمچىت تۇرغان ئوغلاق ئىككىمىز.

بۇرۇن - بۇرۇندا
بولغان ئىكەن ئوتلاق، ئاي نۇرى،
بولار ئىكەن ئوتلاق، ئاي نۇرى.
بىز ئىككىمىز مۇشۇ ئۆيدىكى
يەر ۋە ئاسمان تۇتاشقان جايدا.

ھەممە ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن
مارىشىدۇ ئالتۇن بېلىقلار...
بۇ شەھەردە مومايلارلا بار،
بىزمۇ قىز يوق سېنىڭدىن باشقا!

ئۇنتۇپ قالدىم ئىسمىمنى.

### خەرىتىدىن يىراق بىر جايدا

قاغىلىق
دەپتىرىمگە قويدۇممەن يېزىپ
سېنىڭ تىنچ، خىلۋەت ئىسمىڭنى،
ساقىلىڭنى... دولقۇنلىرىڭنى...

كۆمۈلگەن بىر كۆل ئۇرۇقى سەن
يەر شارىنىڭ خەرىتىسىگە،
تەشتەك كەبى مېنىڭ قەلبىمگە.

ئىزلەيمەن ئېھ، يۇرتتا شېرىن
مىغىلدىغان ئادەملەر ئارا
بۇ شەھەردىن بىرەرسىڭلارنى.
كىم سەن ئۆزۈڭ، ئەي ئىللىق ئادەم
كەل، ئىچەيلى بىرگە پىۋىنى
كەل، ئىچمىسەڭ ئىچمە مېنىڭدەك
سۈت ساقاللىق زايومچى بوۋا
بىر قۇچاقلاپ قويغىنا مېنى!

بالىخانىسىز ئاددىي ئۆيلەرنىڭ
ئۆگزىسىدىن ئېقىپ كېلىدۇ
بۇژغۇنلىرى ئاي شولىسىنىڭ،
مەن قىستىلىپ تۇرغان بىناغا.
سەھەردىكى ئىسسىق گىردىنىڭ
ھىدى كېلەر يىراق - يىراقتىن،
مەن سۈمۈرمەك بولغان ھاۋاغا.
مەن خىيالغا چۆكمەن ئاستا،
كەڭ ئېچىلغان روجەك ئالدىدا.

كىچىككىنە ساددا قىزچاقسەن،
يالىڭاياق پۇتلىرىڭ بىلەن
خىيالىمدىن ئۆتىسەن پات - پات،
ئېلىپ بوش بىر سۇ قاپىقىنى.
قاناتلىق ئات سىياقىدىكى
پاك، ياۋايى، ئۇلۇغ خۇدادەك
گاھى يوغان پەيلىرىڭ بىلەن
ئەركىلىتىپ ئۇرىسەن مېنى.
ئىزىڭ مەندە قالار ھەر كۈنى،
قالغىنىدەك قارلىق دالىدا
كۆك يايلىلىق بۆرە ئىزلىرى.

كەلگەندىمۇ يىغلىغۇم بەزەن
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزدەك قايغۇ
كېلەلمەيدۇ قېشىمغا يېقىن.
غېرىبسىنماس ئېھ، ئېزىز ۋەتەن
ئۆمۈچۈكسەن ئۈمىد توقۇغان،
ئەڭ چىرايلىق نۇر يىپى بىلەن.

قاغىلىق
ئۈرۈمچىدىن يىراق بىر جايدا.

# سەيياھ

## كېرىمجان سۇلايمان

ئۇپۇقلارغا يول ئالغان سەيياھ،
يېتەلمەيسەن مەنزىلگە زىنھار.
سىرگىمى يېشىلتىن

مۇمكىن، ياش بولغىيدىم ۋە ياكى بىر چال،
چۈشۈمىمۇ؟ بىلمەيمەن غۇرۇر تېغىدا،
گۈگۈم تور تاشلىغان سەزگۈمگە ئۇچاغ،
كۆزۈمنىڭ ئالدىدا ئۇچاتتى غۇۋا،
قانداقتۇر كۈلرەڭ قۇش سىلكىشتۈرۈپ پەر.

ھەيرەتتە ئاسماننىڭ قاتقان قارچۇقى،
چاچرىتىپ تۇراتتى غىل - پال سوغۇق نۇر.
بوينۇمدا كىچىكلەپ باراتتى ئاستا،
غايىبتىن تاشلانغان بىر يېشىل چەمبەر...

روھىمنى تېنىمگە كىرگۈزدى يەنە،
ئېھ، ئاپئاق قاناتلىق ناتونۇش بوۋاي.
كەلتۈرۈپ مۇقەددەس زەم - زەم بۇلاقتىن،
ئاغزىمغا تېمىتقان يەتتە تامچە سۇ.
يارەببىم! بەندەڭمەن، ئۆزۈڭ جاۋاب بەر،
شۇ رايىش، ساۋابلىق ئەلچىسى كىمدۇر؟

ئېيتقىن ھەم ھۇزۇرۇڭغا چاقىردىڭ نېچۈن؟
ياق، ئەيلەپ ئىختىيار كەلگەنمەن ئۆزۈم
توۋا، بۇ ئەجەبمۇ قىسقىلا بىر يول،

(پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەمنىڭ
ئىككىنچى ئەسلىدە چېگرىسى ئۆلۈم.)

دۇنيانى ياراتقان پەيلاسوپ ئۆزۈك،
بىلمەيمەن،

يارىتىش پەلسەپەڭ قانداق؟
سۆزلەپ بەر سوئال بوپ ئېگىلەي ساڭا.
مۇشۇ تاپ ئالدىدا مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ،
يەنىلا شۇبھىدە كۆيمەكتە تىلىم؛

ئىدىيىڭنى شۇ گۆدەك، سەبىي چاغلىرىم،
ئاھ، مەنمۇ سەن كەبى ئۇلۇغ سەنئەتكار.
ئەتىدىن - كەچكىچە «لاي ئادەم» ياساپ،
ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا تىزاتتىم قاتار...

چۈشۈمدە ئۇلارغا كىرگۈزەتتىم جان،
كۈتمەيتتىم چوقۇنۇش، ھېچقانداق بەدەل.
ئالسامۇ ئوخشاشلا روھنى شامالدىن،
نەپەسنى تۇپراقتىن، كۆڭۈلنى ئوتتىن،
ئەقىلنى پاك ئېقىن سۈدىن ① ئالاتتىم؛
ئايىماي ھەممىنى بېرەتتىم تۈگەل

ئاھ، قۇرام تاشلاردا چىشىنى بىلەپ،
ياتىدۇ ئالدىمدا قاراڭغۇ غارلار.
بىر چاغلار دىلىمدا ئويغاتقان ھەۋەس،
دۇنياغا سىغمىغان ئۇلۇغ زاتلارمۇ.
يەر تىلىغان شۇ جۇلدۇر كېپەنلەر بىلەن،
شۇمشىيىپ يېنىمدىن ئۆتىدۇ قاتار.

گىرىمسەن تۇيغۇلار چاقنار كۆزۈمدە،
ۋاپاسىز ئاراللار تۇرسا چوقچىيىپ
كۆز تىكىپ ھەر مىنۇت ھاياتكېمەمگە،
سىرس مانان ئۆرلىگەن كولرەڭ ساھىلدا،

يىلان قاسىرىقىغا يۆگۈلگەن ئارمان،
كۆيىدۇ لاۋۇلداپ ياپيېشىل رەڭدە!

گۈلزارغا ياندىشقان خىلۋەت كۈلبىدە،
جەننەت شارابىدىن يېشىلدىم سەھەر.
چۈش كەبى ئېسىمدە قالغىنى پەقەت،
شۇ ھەييام...

گۈلگۈن مەي...
ئاتەش قوشاقلار...
ئېچىلغان دەرۋازا...
مەست پەرىشتىلەر...

شالپەردەك قىزىرىپ بارىدۇ ئۇپۇق...
تۇغۇلغان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا
كۆل بولاز ئېڭىمدا سوغۇق بىر دۇنيا،
ئېچىلدى دېرىزەم...
جىمىلىقنى بۇزۇپ
ۋارقىراپ شوخ - جۇشقۇن ناخشىسى بىلەن،
بوسۇغام ئالدىدىن ئۆتكەندە دەريا.

دەس تۇرۇپ ھوپلامغا باسقاندا ئاياغ،
ئۈچۈشتى ئەرشكە كۆتۈرۈپ مېنى.
ئاھ، رەڭدارقاناتلىق سانسىز پەرىزات...
سىلىسا بېشىمنى ئاپئاق بۇلۇتلار،
زۇمرەتتەك كۆللەر ھەم دېڭىزلار پەستە.
ئېزگۈ خىيالاردا تەۋرىنەر ھايات!

كۆك سۆيگەن تاغلارمۇ ئۇلۇغلۇق بىلەن،
قىرمىزى گۈللەردىن ئاتىدۇ ئىپار.
مامۇق پەرلىرىدە يەلپۈپ دۇنيانى،
ئامانلىق سورىشىپ ئاققۇلارمۇ ھەم
سەپ تارتىپ سالامغا كېلىدۇ قاتار...

① جانابى ھەق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەقىل، روھ، نەپەس، كۆڭۈلدىن ئىبارەت تۆت نەرسىدىن ياراتتى. بۇ تۆت نەرسىنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن شەيئىدىن ئالدى. يەنى كۆڭۈلنى سۇدىن، روھنى شامالدىن، ئەقىلنى تۇپراقتىن، نەپەسنى ئوتتىن

— «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىن

توختىدى پەرۋازى پەرىزاتلارنىڭ،
بەھىشنىڭ باغىرى بولدى سەيلىگاھ.
چاچقۇن روھىمنى ئەيلەپ مۇجەسسەم،
كېلىدۇ شاخلارنىڭ ئاراشىرىدىن،
بۇلبۇللار تىلىدىن ئۇچقان كۆي - ناۋا.

نازلىنار بوشلۇقتا لەيلىشىپ ئاستا،
شىشىدەك سۈپسۈزۈك سەرۋە بەدەنلەر.
تاشلىنار يولۇمغا پايانداز بولۇپ،
گويا كى مەخمەلدەك يېشىل چىمەنلەر...

ئېگىلە - ئېگىلمەي سالامغا بېشىم،
ئۇلۇغلار ئۇ پانىي دۇنيا توغرۇلۇق:
بولدى، سۇ ئاللارغا كۆممەگلار مېنى،
نېمىنى بىلمەكچى بولساڭلار ئەگەر،
ئوقۇڭلار ھەممىنى كۆزۈمدىن،
قېنى...

## ئەسلىمە

### ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم

قارىيىپ بارماقتا كۈندۈزنىڭ رەڭگى،
ئاق قۇشقاچ بەزمىسى كوچەيدى بىر پەس.
يېقىنلاپ كەلمەكتە كۈمۈشسىمان كۆي،
ئالماقچى بولغاندەك ئىلكىدىگە مېنى.
يېقىنلاپ كەلمەكتە كۈمۈشسىمان كۆي،
مەن تامان كەڭ يېيىپ قاناتلىرىنى.
بوغۇلۇپ تاشلاندى ئاداققى ئۈمىد،
ئۈچتى ھەم خانەمدىن ئاداققى بىرشام
قاغىنى پەقەتلا ئاچچىق ئەسلىمە.
ئۈمۈچۈك توردەك مەھكەم يېپىشقان،
ئېھتىمال مەندە كەم شۇنداق ئابىدە
شۇ سەۋەب تاشلانغان ئازابتۇر قەلبىم،
مەڭگۈلۈك سۈكۈتنىڭ چۆچەكلىرىدە.

## شائىر

### ئۆمەرجان توختىروزى

سۈكۈناتتىن ئاختۇرۇپ ناخشا،
ئۇن قوينىغا شۈڭگۈدۈك زىنھار.
تىڭشىسىز كەزدىڭ ئالەمنى،
سانلارنى قىلدىڭمۇ ئىنكار؟

بۇ ئالەمنىڭ غەم - شادلىقىغا،
يەر تېگىدىن ئۈتىسەن قۇلاق.
جىنتازىدىن تارتىلىپ روھ،
بارخانلاردىن ئاچىسەن بۇلاق.

خاۋالود بوپ قاتقان كىرپىكلەر،
شەبنەمگىدىن تاپار ھوشىنى.
بۇزۇۋۆتتىڭ ئۇيدۇرماي كىرىپ،
قانائەتنىڭ يولسىز چۈشىنى.

غايىب سادا سېنى دەمىمۇ - دەم،
چىللاپ تۇرار سەيلىگە ئۈنلەر.
شۇ سەيلىدىن چىقار تىرىلىپ،
مەن يوقاتقان ئىلاھى ئۈنلەر.

# شائىر

مۇسا ئەھەت

سەن قىستاڭدا ياڭرىغان سۆرەن،
كەڭلىكلەردە جاراڭلىق كۈلكە.
سوغۇق، جىمغۇر غالىب روھلاردىن،
زېمىن ئارا قالغان ئابىدە.

سەن سىرىنى ئوۋلاپ تۈنلەرنىڭ،
نىقابىنى يىرتقان پەرىشتە.
سەن باقىسەن ھاياتقا سەگەك،
يەردە ئەمەس تۇرۇپ ئەرشتە.

# ئاداققى يىغلاش

ئەخمەتجان ئىسمايىل

يىغلىۋالاي، جېنىم، بېرى كەل،
يىغلىۋالاي كۆزۈڭگە قاراپ.
سۆيگۈم ساڭا تۆكۈلسۇن تۆگەل،
سەن كۈلكەڭنى قالغىن قۇچاقلاپ.
قۇتۇرماقتا ھىجران ئاداق رەت،
پۇرسەتلەرنىڭ جېنىنى سوراپ.

ئەتىرگۈللەر ئۈنگەن تالاي رەت،
جۈپ كۈلكىلەر ئۆپكەن ئىزلاردىن.
ئىدۇق ھەتتا بىر جۈپلا سۈرەت،
تارتىۋالغان بىر جۈپ ئارمانىدىن.
يۈرەكلەرنى بوغماقتا ھەسرەت،
ئەمدى ئازاب ئۆتمەكتە جانىدىن.

سىلكىۋەرمە قولۇڭنى ئۈنداق،
ئۈزۈلتىدۇ لىڭشىپ دەرەخلەر.
كەتسەم ئاخىر كېلىمەن بىر ۋاق،
خىيالىلاردەك قېقىپ يۇمشاق پەر.
دەقىقىلىك قىيناقتۇر - قىيناق،
سۆيگۈمىزگە كەلگەن بۇ سەپەر.

قەدرى بولماس جىمجىت ۋىسالىنىڭ،
ھىجران ئاڭا بولمىسا بەدەل.
بۇ يۈرىكىم پەقەتلا سېنىڭ،
سۆيگۈم ساڭا مەنسۇپتۇر تۆگەل.
سېغىنىشقا تولسۇن دەملىرىڭ،
يىغلىۋالاي،
جېنىم بېرى كەل!

# شېئىرلار

ئابدۇقادىر ھاشىم

## ناخشىدىكى قەلب

جىلۋىگەر ئۈمىدلەر چاقنايدۇ ئۈنىمىز،
قۇرلارغا سىڭىشكەن ئارمان تىلىدا.

سۈكۈنات سىڭىشكەن بارچە شەكىلگە،
ناخشا بار، قەلب بار يورۇتار كۈن بولۇپ.

بۇ كېچە (سىزىلغان قارا سىيادا)،
رەسساملار مۇڭلىرى تارقىلار نۇر بولۇپ.

قەھرىم بار، سۆيگۈم بار ھەر بىر ئاھاڭدا،
تىلسىم بار، قەلبىم بار مېنىڭ ناخشامدا.

## كۆز يېشى

بىر تىرەن قەدەھ بار شۇنچىلىك لىپ لىق،
ئىچىشنى ئىستەيمەن كۆلگەندىن بىرى.
ئۆز ئەركىم قۇتۇلماي تەشنالىقىمدىن،
كۆزۈمدىن ئاھ ئاچچىق قەترە بالقىيدۇ،
روھىمغا ھۆكۈمران تاتلىق چۈش يۇقى.
... ...

## ياشلىق

### ئىسمايىل قاسىم

بەختىيار ماڭىمەن تۈندە،
مەن ھەر كۈنى ئۆيۈڭنى كۆزلەپ.
مەسكىن ئۈنى قومۇش نەيىمنىڭ،
بېرەر ساڭا ئىشقىمنى سۆزلەپ.
دېرىزەڭنىڭ ھالرەڭ پەردىسى،
توسۇۋالار زىلۋا بويۇڭنى.
ئۆلگۈر ئىتنىڭ بولدى بىر توزاق،
قوغدىماقتا تىنماي ئۆيۈڭنى.

تۈن شامىلى كېلىپ بەزىدە،
مەلەڭزەڭنى قايرىپ ئاچىدۇ.
كۆرۈۋالسام سېنى بىر دەقىق،
زەرداب يۈرەك شىپا تاپىدۇ.
بەختىيار ماڭىمەن تۈندە،
مەن ھەر كۈنى ئۆيۈڭنى كۆزلەپ.
گۈزەل ياشلىق ئۆتۈپ كەتمەسۇن،
جۈپ ئۆتەيلى ياشلىقنى كۈيلەپ.

## ئالۋۇن ۋە مەن

### ئېلى سايىت

بىپايان قۇملۇقتا كۆرۈنگەن ئالۋۇن،
كەڭ دېڭىز قەردە چوقچايغان ئارال.
نىشانسىز سارغىيىپ تېنىدىگەن نەپەس،
بەختتەك ھۇزۇرلۇق سەلكىن شوخشامال.

قۇرۇغان يىلتىزدا بىخلانغان تىلەك،
سەرسانە خىيالىم ئۇپقۇنى شۇ دەم.
ئوت ئاتەش ئۇرسىنى سەپكەندە قۇياش،
مۈڭ بىلەن چاقنايدۇ گۈلدىكى شەبنەم.

ئۇ، زېمىن ئەركىسى ئويناق، شوخ بۇلاق،
تىلىكىم ئۈن قاتقان ھايات نەزمىسى.
يېتىلەر قەلبىمنى قىزغۇچ ئۇپۇققا،
ئېزىتقۇ، پەردىلەر كۈلكە بەزمىسى.

بىپايان قۇملۇقتا كۆرۈنگەن ئالۋۇن،
ئويغىتار ھىجراندا ياتقان تىلەكنى.
چوغ غۇنچە بەرگىدە چاقنىغان شەبنەم،
تىترىتىپ كېتىدۇ نازۈك يۈرەكنى.

# قارغا كۆمۈلگەن قەبرە

(ھېكايە)

ئۆمەر قادىر



ئۆمەر قادىر 1963-يىلى 11-ئايدا باي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1987-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئاقسۇ ئارىپ شۆيۈەنىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1988-يىلى 9-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق كىنو شىركىتىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. ھازىر «تەڭرىتاغ ئېكرانى» گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «ھايات سەپىرىدىكى يولۇچىلار»، «سۆيگۈ ئېقىنىدىكى قىيان» ناملىق ئىككى پارچە كىنو سىنارىيىسى، «مۇھەببەت، سەن نەدە؟» ناملىق پوۋېست، «تۇرمىدىگە ئافىرۇلغان روھ»، «دەريا بويىدىكى نالە» قاتارلىق ئالتە پارچە ھېكايە ۋە كىنو ئىجادىيىتى، كىنو تەتقىقاتىغا دائىر 55 پارچە نەزەرىيىۋى ماقالە، شۇنداقلا 15 پارچىدەك ئوبزور ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئىككى پارچە كىتابى پات ئارىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

1

سەپ تارتىپ كېلىشكەن توي ماشىنىلىرى مەرىكە زالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يارىشىملىق مودا كىيىم كىيىشىپ، چىرايلىق گىرىم قىلىشقان بىر توپ قىزلار گويا كۆل بويىغا قونغان ئاققۇلاردەك زال ئەتراپىنى قاپلىدى. يۈزىنى ئاق رومال بىلەن چۈمكىۋالغان يېڭى كېلىن ماشىنىدىن ھەممىنىڭ ئارقىدا چۈشتى. قىز قولداشى ئۇنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. يىگىتلەرنىڭ قىقاس-سۈرەنلىرى، ئاكاردىيوننىڭ يەڭگىل ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ ياڭراۋاتقان شوخ ناخشىلار گويا تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقان تاغ سۈيىدەك يىراقلارغا ئۇچاتتى. زال ئالدىغا توپلىشىۋالغان كىشىلەر يېڭى كېلىننى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشاتتى، بىر-بىرىگە كۈسۈرلىشاتتى. قىز-يىگىتلەر يېڭى كېلىن بىلەن ئۇنىڭ سەپكۈن يۈزلۈك يەڭگىتىنى ئارىغا ئېلىپ زال ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

جاز مۇزىكىسىنىڭ كۈچلۈك ساداسى زالنى تىترىتىپ ياڭراشقا باشلىدى. يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۈيلەر قىز-يىگىتلەرنىڭ كۆيۈۋاتقان كۆڭۈل ھېسسىياتىغا ياغ چاچاتتى. دانى توي ناخشىسىنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىمىغا غەرق بولدى. ئۇ تۇزغۇلۇپ ئەقلىگە

كەلگەندىن بۇيان بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى. يالتىراپ تۇرغان ئاق سۆزۈك گەۋدە، بۇلاقتەك شەھلا كۆزلەر، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلار، ئەۋرىشىمدەك ئىنچىكە بەللەر ئەمدى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئىلكىدە ئۆتكەنىدى. بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلىدىغان بەخت ۋە راھىتى، سۆيگۈ ھەم لەززىتى نەقەدەر چەكسىزھە؟! دانى ئىپتىخارلانىدى. قانلىرى قاينىدى، خىياللىرى تەگسىز دېڭىزدەك چوڭقۇرلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى زاددىلا تۇتۇپ تۇرالمىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شادلىق يامرىماقتا ئىدى.

— ئالىمرە، بىز نېمىدېگەن بەختلىك!— دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ ئولتۇرغان رومال ئىچىدىكى قىزغا،— بۈگۈن بىزنىڭ توييىمىز، قاراڭ، بۇ توي ئاجايىپ كاتتا توي بولىدىغان بولدى. شۇنچە كۆپ قىز-يىگىتلەر كەپتۇ...

ئالىمرە جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. زالدىكى قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك كۈچلۈك سادالار ئۇنىڭغا ئەڭ ئېغىر ئەلەم بولۇپ تۇيۇلدى. مۇزىكا رىتىمىگە ماسلىشىپ يېنىك پىرقىراۋاتقان جۈپ-جۈپ گەۋدىلەر گويا قاينامغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىتەلەي كىشىلەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئەمدى ئۆزىگە نېسىپ بولىدىغىنى باشقا بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تەقدىرنىڭ رەھىمسىز بورانلىرى گويا يىرتقۇچ چىل بۆرىدەك ئۇنىڭ ئارمانلىرىنى تىتىپ تاشلىۋەتكەنىدى. تىنىمسىز كۆپىيىۋاتقان ئازابلىق خىياللار كۆڭۈل بوشلۇقىنى گويا قاتمۇقات بۇلۇتلاردەك بېسىپ ياتاتتى. ئالىمرەنىڭ تۇرۇپلا ھۆكرەپ يىغلىغۇسى كەلدى. سىنئالغۇ ئاپپاراتى ئىككىيلەنگە تۇغرىلاندى. چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى ئالىمرەنىڭ ئاپئاق توي كۆڭلىكىگە چۈمكەلگەن نازۇك بەدەنلىرىنى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلدى. دانى ھاياجاندىن ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچكە ئىگە گۈزەل مەنزىرىسى يېيىلىپ ياتاتتى.

توي قىزىماقتا، رومكىلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلماقتا، چاقچاقلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە... ئالىمرەنىڭ نېرۋىسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. بۇ جايدىكى ھېچقانداق نەرسە ئۇنى خۇش قىلالمىغانىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا قىزلار شىۋىرلايتتى، دانىمۇ شىۋىرلايتتى، توختىماي كۆڭۈل ئىزھار قىلاتتى. بىراق ئۇ ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ بۇ سورۇندا يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى. قەلبىنى بولسا توينىڭ شېرىن ۋە مەست قىلغۇچ جەزبىلىك سېھىرى كۈيى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر يارا پەيدا قىلىدىغان ئەبجەش تۇيغۇلار چىرمىۋالغانىدى.

داستىخاندىكى مول ناز-نېمەتلەر ئىشتىھا بىلەن يېيىلىپ، قۇرۇغدالغان بوتۇلكىلار بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلدى. زالدىكى شاۋقۇنلۇق سادالارمۇ ئاستا-ئاستا تىنجىپ قالدى...

چاچلىرى ئۈسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن

چالا مەست بىر يىگىت بوقۇلداپ يىغلىغان هالدا زال ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ نېمىگىدۇر ئاسمان - زېمىننى تىترىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە نالە قىلاتتى... زال ئىچى مېۋە شۆپەكلىرى، سۇنغان چىنە - تەخسىلەر، قالايمىقان ئۈستەل - ئورۇندۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. زال ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا تۇمان باسقان سوغۇق ۋە بەتبەشرە دۇنيادەك تۇيۇلدى. بىر توپ كىشىلەر ئاشۇ سوغۇق دۇنياغا ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئاشىقىنى ئېلىپ كەتكەنىدى.

2

چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىنى بۇلۇتلار توپى بېسىۋالغانىدى. پەقەت ئاندا - ساندا يۇلتۇزلارلا خىرە نۇر چېچىپ ياناتتى. سوغۇق شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يالاپ ئۆتەتتى. قاراڭغۇلۇققا چۆككەن زېمىن شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. بىر يۈرۈش ئاددىي كېسەك ئۆيلەر مۇشۇ جىمجىت كېچىدە گويا كونا خارابىلىقلاردەك سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنىدى.

ئالىمە خىيالغا بەنت بولغان هالدا زۇۋان سۈرمەستىن ئولتۇراتتى. ئوتقاشتەك قىزىل دۇخاۋا پەردە، ئاق سىردا سىرلانغان كۆركەم ئۆي جاهازلىرى، تامدىكى يوغان گىلەم، 24 دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، تۇڭلاتقۇ... هەممىسى تەل ئىدى. بىراق، ئۇ بۇيۇملار ئۇنى ئازراقمۇ جەلپ قىلالمىدى. دانى هەممىنى ئۇنتۇغان هالدا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن پۇللارنى سانىماقتا ئىدى. ئۇ تىزىملىكنى قايتا - قايتا ئوقۇپ كىملەرنىڭدۇ ئۆزىگە ئەڭ كۆپ هىممەت كۆرسەتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولاتتى، يەنە كىملەردىندۇر ئاغرىناتتى. دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تويىنى مۇبارەكلەپ ئەكەلگەن چامادان، يۇڭ ئەدىيال، ئورۇندۇق قاتارلىق خىلمۇخىل نەرسىلىرىنى هەۋەس بىلەن تۇتۇپ قوياتتى. ئۇ چۈشكەن پۇللارنى نەچچە باغلام قىلىپ باغلاپ داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر ساندۇققا سالدى - دە، خاتىرجەم بولۇپ ئالىمەگە قارىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىنى توي كېچىسىنىڭ ئاجايىب لەززىتىنى تېتىشتىن ئىبارەت هەۋەس ۋە ئىشتىياق ئالدىراتقىلى تۇردى. ئۇ ئالىمەنىڭ يېنىغا چۈشكەندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمىغان، پەقەت تەشنالىق، كۈتۈش ۋە رەڭگارەڭ خىياللارنىڭ ئەمەك قىلىشى بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئالىمە نىكاھىدىكى ئايالىغا ئايلاندى. ئۇنى نېمىلا قىلسا قىلالايدۇ. هېچكىممۇ ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ۋە هەرىكەتلىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلالمايدۇ.

ئالىمە قۇرۇپ كەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلاتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىۋاتاتتى. لېكىن هېچنېمە يېگۈسى كەلمەيتتى. پۈتۈن بەدەنلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ بوشاپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ توي كېچىسىدىن هەممىدىن بەك قورقاتتى. بىر توپ قىز - يىگىتلەر ئۇنى هۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇپ نەگىدۇر يوقالغانىدى. مانا هازىر يېرىم كېچە بولدى. ئۇ گويا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان يالغۇز تۈرمىگە قامالغان جىنايەتچىدەك مەيۈس ۋە

سۇلغۇن. ئالمىرەنىڭ قەلبى شىددەت-
لىك بورانغا دۇچ كەلگەن دېڭىز دول-
قۇنلىرىدەك داۋالغۇشقا باشلىدى.
كۆزىنى يۇمۇپلا تالاشقان نېسىۋىسىنى
بېرىۋېتىشكىمۇ تەييار ئىدى. شۇ چاغ-
دىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىق بۇرچىنى
ئادا قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭغا تەل-
پۈنگەن ئەرمۇ پۈخادىن چىقاتتى،
تېخىمۇ قىزغىن ئىشتىياق بىلەن سۆ-
يەتتى، قۇچاقلايتتى. بىراق، ئالمىرە
گويا چۈشكە ئوخشايدىغان مۇنداق تۇر-
مۇشقا ئۆچمەنلىكى كەلدى. ئۇ ئۆلۈپ
كەتكەن ھېسسىياتىنى قانداقمۇ دانى-
غا تەقدىم قىلالىسۇن؟ بۇنىڭ ئۈچۈن
ئاجايىپ زور سەۋرچانلىق كېرەك. ھېچ-
كىم چۈشەنمەيدىغان، پەقەت يۈرەكنىڭ
ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن قايناپ چىقى-
دىغان مەست قىلغۇچى تۇيغۇلار بولۇشى
كېرەك. شۇ چاغدىلا ئىككى يۈرەك
بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشالايدۇ.
بىر جۈپ گەۋدىمۇ يۇغۇرۇلۇپ ھاياتنىڭ
تاتلىق لەززىتىگە چۆمۈلەلەيدۇ. ئالمىرە
مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. ئۇ كى-
شىگە ھېچقانداق سۆيگۈ ۋە ھېسسىيات بەخش
ئېتەلمەيدىغان ئاشۇنداق ئەر بىلەن
بىر ياستۇققا باش قويۇشقا، ئۇنىڭغا
ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى
تەقدىم قىلىۋېتىشكە رازى ئەمەس ئىدى.

— ئالمىرە، — دېدى دانى تىترەك
ئاۋازدا، — بۈگۈن دېگەن قانداق كۈن
بىلەمسىز؟ دۇنيادا ھېچكىم توي كېچى-
سىنى بۇنداق ئۆتكۈزمەيدۇ. مېنىڭ
تاقىتىم توشۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ دېگەن
قورقۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەسقۇ!

ئالمىرە جاۋاب بەرمىدى. دانىنىڭ
تومۇرلىرى قىزىپ كۆپۈپ كېتىۋاتاتتى،
يۈرەكلىرىمۇ رېتىمسىز ھالدا سوقماقتا
ئىدى. پۈتۈن بەدەنلىرى مەست قىل-
غۇچ ئىشقى ھەۋەس بىلەن ئېرىپ كېتى-
ۋاتاتتى. ئۇ ئالمىرەنى كەينىدىن
قۇچاقلاپ چىڭ تۇتۇۋالدى - دە، كۆتۈ-
رۈپ ئەكىلىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى ۋە
ئۆچكىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇچلۇق تۇمشۇ-
قىنى ئالمىرەنىڭ يۇمران يۈزلىرىگە
سۈركەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئېغى-
زىدىكى سېسىق، بەدبوي پۇراق ئالمى-
رەنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتىۋەتتى. سەل
كۆتۈرۈلۈپ چىققان بېلىقتەك كۆكسى
دانىنىڭ گەۋدىسى ئاستىدا بېسىلىپ
قالدى. ئۇ گويا زۇلمەتلىك قاراڭغۇ
كېچىدە ئەشەددىي زورلۇققا دۇچ كەل-
گەندەك چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ
كەتتى. دانى بولسا ئۆزىنى كونترول
قىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغا-
نىدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تورمۇزل-
نىپ، بەدەنلىرى جۇغۇلداپ چەكسىز
لەززەت ئېقىنىغا غەرق بولۇش ئال-
دىدا تۇراتتى. ئالمىرە رازىلىق بەر-
سىلا ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن، ئەڭ
قايناق، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز
بەختكە ئېرىشكەن بولاتتى...

تاڭ ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىدى.
ئەتىگەنلىك شەپەق نۇرى زېمىنغا
يېيىلماقتا ئىدى. يىراقتىن ماشىنى-
لارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلى-
ناتتى. دانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا
ھېلىقى چالا مەست يىگىت مۈگدەپ
قالغانىدى. ئۇ ھاراق ئىچتى، مەست
بولدى، يىغلىدى. ئۇنىڭ ئاشىقى
ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيىپ، بېشىغا
رومال ئارتىپ كىرىپ كەلگەن مەردىكە
زالىمنىڭ تاملىرىنى قوللىرى بېغىر

بولۇپ كەتكەچكە مۈشتىلمىدى... بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ ئاشىقى كۆرۈمسىز كېسەك ئۆيىنى بۇزۇۋېتىپ بولسىمۇ قېچىپ چىقالمىدى. كۈتۈش، ئازاب، ھىجران، سۆيگۈ دېگەنلەر ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. يۈرىكى بولسا زەھەر قويۇۋېتىلگەندەك ئېچىشىپ چىقتى. ئۇ ئالمىرەنىڭ ئۈن - تىنسىز ھالدا توي قىلىپ كەتكىنىگە بوغۇلاتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ قولىدىن بىر پارچە ئاددي توي باغىقىنى كۆرگەندىلا ئەسەبىيلىك بىلەن ئالاغانىدا قىلغانىدى. ئۇ شۇ ھامان بوزاندەك ئېتىلغان ھالدا ئالمىرەنى ئىزلەپ باردى. بىراق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئۇ ھەممىگە چىداپ، بارلىق خورلۇقنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقتەك ئۇرغۇپ تۇرغان مۇھەببىتى بىلەن مانا مۇشۇ تام تۈۋىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاشىقىنى كۈتتى. ئۇ ئالمىرەنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقا بىرسى بىلەن تۇيۇقسىزلا توي قىلىۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلگۈسى كېلەتتى.

3

كېچىدە تاقالغان ئىشىك كۈن نەچچە غۇلاچ يۇقىرى ئۆرلىگەندە ئاران ئېچىلدى. ئەتىگەنكى سوغۇق شامال ئۆيگە ساپ ھاۋانى ئېلىپ كىردى. ئالمىرە سىرتقا چىقتى - دە، پۈت - قوللىرى بوغۇچلانغان كەپتەر قەپەزدىن تەستە قۇتۇلۇپ چىقىپ كۆپكۆك ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەندەك ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەركىن - ئازادە ھېس قىلدى. ئالمىرە مۇشۇنداق پۇرسەتتە قېچىپ كېتىشنى نەچچە رەت ئويلاپ چىقتى.

بىراق نەگە قاچىدۇ؟ كىمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ؟ ئۆمۈر بويى بىر تەن، بىر جان بولۇپ ياشاپ ھايات ۋە مۇھەببەتنىڭ تاتلىق شىرنىسىنى تېتىشقا قەسەم ئىچىشكەن يىگىتى بولسا بۇ رەھىمسىز تراگېدىيە ئالدىدا مەغلۇب بولدى. ئالمىقاچان تالان - تاراج قىلىشقا ئۇچرىغان مۇھەببىتىنى قايتا قۇرۇشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى. دۇنيا بىلەن بىر يولىلا خوشلىشىپ قارا يەر باغرىغا كىرىپ كېتىشكە ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى. ئالمىرەگە بىردىنلا زېمىن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك، ئاسمان باغرىدىكى بۇلۇتلار قاپقارا رەڭگە كىرىپ شىددەتلىك مۆلدۈر تۆكۈۋاتقاندەك، دەل - دەرەخلەر سۇنۇپ، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باستى، بېشى قېيىپ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەر غۇۋا بىر بوشلۇق ئىچىدە پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدىكى پارا - پارا يوقاپ كېتىۋاتقان شەپەق پارچىسىغا قايرىلىپ قارىغىنىچە ئەلەم بىلەن خۇرسىنىپ قويدى. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ تەلپۈنىدىغان ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئەقىدە باغلىغان سۆيگۈسىمۇ ئاشۇ بىردەملىك شەپەق پارچىلىرىدەك قولدىن كەتكەنىدى. ئۇ يۈرىكىگە پاتمايۋاتقان ئاجايىپ سېھىرلىك بىر كۈيىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇلىرىدەك تاشقى دۇنيادا ئەكس سادا قايتۇرۇشىنى ئارمان قىلدى. بىراق ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى.

پۈتۈن بەدەنلىرى چىڭقىلىپ قىزىپ كەتتى. پۇشايمان ۋە جۇدالىق ئەلەڭ نازۇك ھېسسىياتلىرىنى يەنە كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ گويا قويۇق تۇماننى ھاسىل قىلغان قىشلاقتا غايەت زور قار دۆۋىسىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بارغانسېرى ئەنسىزچىلىككە تولدى. شەپەق پۈتۈنلەي يوقالدى. ئالىمرە ياشقا تولغان كۆزىنى ئاشۇ ئاسمان بوشلۇقىدىن يۆتكىدى.

دانى بازارنىڭ قايناپ يېتىۋاتقان يېرىدىن دۇكان ئېچىۋالغانىدى. ئۇ ھەر خىل گەزلىمە رەختلەر، چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن كىيىم-كېچەكلەرنى ساتاتتى. گاھىدا ئىشى كېلىپ قالسا باشقا تىجارەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. يانچۇقىغا چۈشۈپ تۇرغان كاللەك-كاللەك پۇللار ئۇنى قارام، ھاكاۋۇر قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن قىز-جۇۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ كەچ كىرىشى بىلەنلا ھەشەمەتلىك كافىخانىلارغا قاراپ چاپاتتى. ئاشۇ خۇمارلىق جايلا ئۇنىڭغا ئاجايىپ لەززەت بەخش ئېتەتتى. بىراق، ھازىرچۇ؟ ئەمدى ئۇ توي قىلدى. بۇرۇنقى ئىككى ئايالىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان گۈزەل، لېۋەن جانانىغا ئېرىشتى. ئەمدى ئۆيىگە بېرىشى كېرەك. دانى دۇكىنىنى تاقاپ، يانىدىكى كاۋاپ بازىرىدىن بىر تۇخۇنىڭ گۆشىنى ئالدى-دە، ئىشتىھا بىلەن يەپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى راسا چىڭىدى. ۋۇجۇدى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئۇ ئالىمرەگە ئاتاپ بىر سولياۋ خالتىدا ئازراق ئۆپكە-ھېسىپ ئالدى-دە، ئۇدۇل ئۆيىگە راۋان بولدى.

دانى شۇنچىلىك زورلىغان بولسىمۇ، بىراق ئالىمرە ئۆپكە-ھېسىپتىن ئازراقمۇ يېمىدى. دانىنىڭ سوزغان سوئاللىرىغا كالتە ۋە ئىھاددىلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدا يېڭى توي قىلغان قىزلاردا بولىدىغان تەلپۈنۈش ۋە قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. دانى لايدەك بوشاپ كەتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ قىزنى بىر-بىرىگە ئۇقتۇرماي ئويناپ يۈرگەنىدى. بىراق، ئىنكاھىغا ئۆتكەن ئايال بولسا ئۆزىنى قاچۇرماقتا، يەكلىمەكتە، ئىندەككە كەلمەي غەزىپىنى قوزغىماقتا. ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاس بىر پارچە خام گۆشنى كۆرگەندە خالجىرلىشىپ كەتكەندەك ئالىمرەگە قاراپ پۇشۇلدايتتى، بوغۇلاتتى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى.

— بۈگۈنچۇ؟ — دېدى ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن ئالىمرەگە مىختەك قادىلىپ.

ئالىمرە جاۋاب بەرمەستىن تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تومۇزلىنىپ خىيالىرى قالايمىقانلىشىشقا باشلىدى. دانى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى-دە، ئالىمرەنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ قويدى.

— بىزدىكەن ئەر-خوتۇن بولۇپ قالدۇق. قەدىرلىكىم، نېمىگە شۇنچىلىك جاھىللىق قىلىسىز، ئەگەر مەن سىزگە شۇنچىلىك كۆپ تويلۇق ئالمىغان، تويىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزمىگەن بولسام نېمە قىلىسىكىز ئەرزىيتتى. بىراق مەن كاتتا توي قىلدىم.

ئالىمرەنىڭ خىيالى باشقا بىر دۇنيانى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ دانىغا

پەرۋاسىز، سوغۇق ھالەتتە چەكچىيىپ قوياتتى.

— ئۇنداق بولسا زورلۇق قىلىدى دەپ رەنجىمەڭ! — دېدى دانى ھۆركىرەپ، — مەن سىزنى قاراپ ئولتۇرغىلى ئالمىغان، مەن دېگەن ئەر!

دانى ئالىمىرەگە غەزەپ بىلەن ئېتىلدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىۋەتتى. ئىززەت-نەپسى ھاقارەتلەنگەن ئالىمىرە:

— دانى، سىز مېنى چۈشەنمەمسىز؟ — دېدى تىترەك ئاۋازدا، — مېنى ئۇنداق قىيناپ كەتمەڭ!...

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنداق جاھىللىق قىلىمىسىز؟

— ئاي... كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، — دېدى ئالىمىرە شۇنچىلىك تەستە نومۇس بىلەن.

دانى ئوڭايسىزلانغان، ھەيران بولغان ھالدا لاسىدە بوشاپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئالىمىرە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئالۋاستىدەك سەت ۋە بەتبەشىرە بولۇپ كۆرۈندى. يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئوتلارمۇ، ئىشقى ھەۋەسلەرمۇ شىپپىدە پەسلەپ قالدى. ئۇ تويدىن ئېشىپ قالغان «ئىلى ئالمى ھارىقى»نى ئالدى-دە، پىيالىغا تولدۇرۇپ، تولدۇرۇپ قويۇپ ئىچىشكە باشلىدى.

4

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. دەرەخلەر سارغايغان ئاخىرقى يوپۇرماقلىرىنى تاشلاپ يالىڭاچلىنىپ قالدى. كۈز ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەنچە گۈل-گىياھلارمۇ بىرلەپ سولىماقتا ئىدى. يوللار بولسا يامغۇر تولا ياغقانلىقتىن مىلىشلاپ تۇراتتى.

دانىنىڭ كۆڭلىدە ئالىمىرەنىڭ جاھىل ۋە سۇلغۇن، لېكىن غايەت زور سېھىردىكى كۈچكە ئىگە ئوبرازى قالايمىقان پىرقىرىماقتا ئىدى. تويى كېچىسىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئالىمىرەگە بولغان ئىشتىياقى گاھ يالقۇنجاپ، گاھ سوۋۇپ، گاھ غالجىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئالىمىرە دانىغا ئۆزىنى زادىلا تۇتقۇزمىدى. دانى يالۋۇردى، تىزلاندى، بوقۇلداپ يىغلىدى. دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئالىمىرەنى ماختىدى، ئۇنى مەڭگۈ سۆيىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچتى. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كار قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالىمىرەگە نەپرىتى قايناپ تاشتى. بىر ئەر تويى قىلىپ خېلى ئۇزاقتىچە نىكاھىغا ئالالىقاچان ئۆتۈپ بولغان ئايالىغا يېقىن بارالمىسا بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئازاب-ھە؟ مېنى ئالداپتۇ، مەن بوشاڭلىق قىلماسلىقىم كېرەك...

دانى بىر پۈت گۆشنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئىشىكتە يوغان قارا قۇلۇپ سېلىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچتى، تومۇرلىرى كۆپۈپ قىزىشقا باشلىدى. ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا ئىشىكنى ئاچتى. تىمتاسلىقتا چۆككەن ئۆي ئىچى ئۇنىڭ بايىقى خىياللىرىنى توزغاقتەك توزۇتۇۋەتتى. ئالىمىرە ئىشىكنى تاقىۋېتىپ نەگىدۇ يوقالغانىدى. دانى ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرگە زەڭ سېلىپ قاراپ چىقتى، ھەممە نەرسىلەر ئىزىدىن مىدىرلىمىغانىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان بىر پارچە باغاقچىغا چۈشتى. باغاقچىغا: «دانى مېنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىم

توشقانلىقى ئۈچۈن ئىش ئورنىغا كەتتىم» دېگەن ئىككى قۇرلا خەت يېزىلغانىدى. دانى باغاقچىنى غەزەپ بىلەن پۈرلىدى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇنىڭ تويى قىلىپ ئېرىشكىنى مانا مۇشۇ ئىككى جۈملىلا گەپ ئىدى. ئۇ گويا تىك ياردىن غۇلاپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك ساراسىمگە چۈشۈپ قالدى. تەشنالىق ۋە ئەرلىك ھەۋىسىمۇ بىردىنلا توختىدى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن يامراپ چىقىۋاتقان پۇغانىنى زادىلا باسالمىدى. ئالمىرەنىڭ ئۆينى تاشلاپ كەتكىنى، يەنە كېلىپ ئۇنى بىر ئەر قېتىم ھاياجان بىلەن باغرىغا بېسىپ، ئىسسىق لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزمەي تۇرۇپلا ئۆيىدىن ئايرىلغىنى ئېغىر ئەلەم بولدى. بەختسىزلىك ۋە چىدىغۇسىز ئەلەم ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تەگدى. ئۇ ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچتى. ئېغىر مەست بولۇپ كىيىملىرى بىلەنلا يېتىپ قالدى.

ئالمىرە شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. تاغ ئارىسىدىكى بۇ كونا مەكتەپ ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۈمىد ۋە چەكسىز ئىلھام بەخش ئېتەتتى. دانى تاكسى بىلەن ئالمىرەنىڭ مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ جايغا كېلىشىمۇ تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ سوراپ يۈرۈپ ئالمىرەنىڭ ياتىقىنى تاپتى. تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا ياتاق ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. ئۇ غەزىپىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ ئىشىكنى قاتتىق مۇشتلىدى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن تونۇش، ئەمما مىسكىن كۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئالمىرەنىڭ ۋۇجۇدى كۆيۈۋاتقان ئوتقا چۈشۈپ كەتكەندەك قىزىپ يالقۇنجاۋاتاتتى. نەپەس ئېلىشلىرى جىددىيلىشىپ كۆمۈرچەكلىرى كېرىلىشكە باشلىدى، سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەۋرىنەتتە ئىدى. ئالمىرە دانىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، قانداق قورساق كۆپۈكىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىگە نەقەدەر ئاشىق، ئەمما بارا ـ بارا نەقەدەر رەھىمسىز بولۇپ كەتكىنىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئاشۇ بىرۇختىرىم ئۆيىدىن تەستە قۇتۇلۇپ، مۇشۇ كوللېكتىپ ياتاققا قايتىپ كېلىپ ئارام تاپقانىدى. بۇ جايدا دۇنيادىكى ئەڭ تىنچ، ئەڭ گۈزەل، خاتىرجەم ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغىلى ئىرادە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ دەسلەپتە ھەيرانلىققا تولغان چىرايى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۆكۈشكە، تاتىرىشقا باشلىدى. ئۇ زۇۋان سۈرمەستىن ئىشىكنى توسۇپ تۇراتتى. دانى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئۇ مۇشۇ دەقىقىدە ئالمىرەنىڭ چاچلىرىدىن تۇتۇپ ۋالاق ـ ۋۇلۇق ئۇرۇۋېتىشكە تەييار ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئاجايىب بىر ياۋۇزلۇق ۋە قاراملىق تېپىپ تۇراتتى. ئالمىرە غايەت زور قورام تاش ئۆزىگە غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندەك چۆچۈپ كەتتى. دانى ياتاققا بوراندەك كىرىپ كەلدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇنتۇلغان بولۇپ، پەقەت جاھىل ۋە باشباشتاق ئايالىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئەجەللىك خىيال شىددەت بىلەن ئۇلغايماقتا ئىدى. قانۇنلۇق ئايال، ھېچكىم توسالمايدۇ.

ئۇرىسىمۇ، ئاغزى - بۇرنىنى قانغا بويىـ
ۋەتسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. نەگىلا بارسا
ئۇنىڭ گېپى ھەق. نەچچە مىڭ يۈەن
پۇل خەجلىدى. بىراق بىرەر ئاخشىمۇ
لەززەتكە ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىدى.
ئانا بۇ رەھىمسىز رىيائىلىق!...

— نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىڭىز؟

ئالىمىرە جاۋاب بەرمەستىن
كىتابقا قارىۋالدى. ئەمدى ئۇنىڭ
قورقىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق
ئىدى. خايال ئۆتمەي ياتاقداشلىرىمۇ
قايتىپ كىرىپ ئۇنىڭغا يانتاياق بولاتتى.

— مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، —
دېدى دانى قوللىرىنى ئالىمىرەنىڭ
كۆزلىرىگە نوقۇپ تۇرۇپ، — سىز نېمە
ئۈچۈن ئالدىراپ بۇ يەرگە كېلىۋالدىڭىز؟

ئاسماندا لۇغۇلداپ تۇرغان قۇياش
ئاستا - ئاستا تاغ كەينىگە چۆكمەكتە
ئىدى. قىزغۇچ شەپەق تاغ باغرىغا
يېيىلىۋاتاتتى. ئالىمىرە دېرىزە ئالـ
دىغا كەلدى - دە، قانىدەك قىزارغان
ئاسمان گىرۋەكلىرىگە تەلمۈرۈپ قاردى.
ئۇنىڭ قەلبىنى ئاشۇ گۈزەل ۋە جىلـ
ۋىدار مەنزىرە ئەسىر قىلدى. قىزغۇچ
نۇر جۇلاسى ئىچىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان
بىر توپ كەپتەرلەر ئۇنىڭ قەلبىدىكى
سېغىنىش ئوتىنى ئۇلغايتىۋەتتى.
دۇنيادا ئۇنىڭغا نېسىپ بولغان شېرىن
سۆيگۈ گويا بىردەملىك خىيال ۋە
چۈشتەك بارا - بارا تۇزۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ساڭا كۆڭلۈم بولمىغانلىقتىن،
سېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىمدىن كەتـ
تىم، نېمە دەيسەن؟ — ئالىمىرەنىڭ قەلـ
بىگە پاتمايۋاتقان ئەلەملىرى ئاخىرى
پارتلاپ چىقتى.

— سەن بۇزۇق! — دېدى دانى ئالىمـ
رەنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا ئۇنىڭغا
بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىۋېتىپ، تارشىـ
دەك قاتتىق قوللار تۈگۈلۈپ يۇمشاق،
نازۇك بەدەنگە تېگىشكە باشلىدى.
غالجىرلاشقان دانى مۇشۇ تاپتا ھەمـ
مىنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇ ئالىمىرەنى
ئۇراتتى، تېپەتتى، ئالىمىرەنىڭ چاچـ
لىرى چۇۋۇلدى. ئۇ سېمونت پولغا قاتـ
تىق يىقىلدى. ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك
قان كەتتى. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ھېچـ
قانداق ئاغرىق ھېس قىلمىدى. پەقەت
ئەڭ زور ئىرادە ۋە قەيسەرلىك بىلەن
كۆڭلىدىكى شېرىن ھەسرىتىنى ئاخىرى
ئاشكارا قىلالىغىنىغا مەمنۇن بولغانـ
نىدى. دانى بولسا نىكاھىدىكى ئايا
لىنىڭ ئەشەددىي ھاقارىتىگە چىداپ
تۇرالمىدى. ئۇ ئىشىكنى تاقاشنىمۇ
ئۇنتۇپ ئالىمىرەنىڭ قوللىرىنى قايـ
رىپ تۇرۇپ كارىۋاتقا باستى، ئالىمـ
رەنىڭ قوللىرى، كىيىملىرى قان
بىلەن تولغانىدى. دانىنىڭ قوللىرىـ
غىمۇ قانلار سۇۋۇشۇپ كەتتى. ئالىمـ
رەنىڭ كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ كۆكسى
ئېچىلىپ قالدى.

— مېنىڭ قانداق قىلىقىمنى ئەمدى
كۆرۈپ قوي، — دېدى دانى ياۋۇزلۇق
بىلەن، — سەندەك بۇزۇققا تۈز بولۇپ
ئېتىيمەن. سېنىڭ كىمگە كۆڭلۈڭ بارـ
لىقىنى، كىم بىلەن خۇپىيانە ئىشلارنى
قىلغىنىڭنىمۇ بىر - بىرلەپ ئېنىقلايمەن!

— نېمە دەۋاتىسەن، مەن ساڭا نېمە
قىلغان؟ مېنى نېمە ئۈچۈن قىينايسەن؟
مەن ساڭا ئېگىلەتتىم. سېنىڭ ئاچكۆز
ھەۋىسىڭنى قاندۇرۇشقا ماقۇل دەمتىم؟
بىلىپ قوي، مەن سېنىڭ ئايالىڭ
ئەمەس. مەن ھەرگىزمۇ بەدىنىمنى

ساڭا تەقدىم قىلمايمەن. مەن سەندىن يىرگىنىمەن. سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. يوقال!

— ئالمىرە دانىنىڭ يوتىسىغا قاتتىق بىرنى تەپتى. دانى كارىۋاتتىن ئۆرۈلۈپ ئارقىغا ئۈچۈپ چۈشتى-دە، تولغۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، كۆزلىرىدە قان تولغانىدى.

— خەپ، ئالمىرە، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام، ئالدىرىما، ئاۋۋال ئۆيگە بارايلى، شۇ چاغدا ماڭا بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىسەن-تېخى!

— نېمە دەپ سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارىدىكەنمەن؟ ئەمدى ئىككىنچى ئاياغ باسمايمەن.

— نېمە؟ مەن ساڭا قانچىلىك پۇل خەجلىدىم، بىلەمسەن؟ مەن قانداق-بولمىسۇن سېنى قىز پېتى قولىدىن چىقىرىۋەتمەيمەن.

ئىككەيلەن يەنە بىر-بىرىگە ھۆرپىيىپ ئېتىلىشقا تەمشەلگەندە ياتاقتا ئىككى قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئالمىرەنىڭ قانغا بويالغان يۈز-كۆزلىرىنى، كىيىملىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئالمىرە لەۋلىرىنى ئاستا چىشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۆيۈشۈپ قىزىپ كېتىۋاتاتتى، بېشى قېيىپ پىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. كۆزلىرىدە قاراڭغۇلۇق تىقىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز تەكەپپۇرلۇقىنى يوقاتتى-دە، ئارقىسىغا گۈپپىدە يىقىلدى. ئىككى قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلەشتۈردى. ئالمىرەنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ نەپەس ئېلىشلىرى بارغانسېرى جىددىيلەشتى. دانى ھېچنېمىگە قارىماستىن بەدەر تىكىۋەتكەنىدى.

## 5

— قەدىرلىكىم دىلشات، مەن بۇ خەتنى كۆز ياشلىرىم بىلەن يېزىۋاتىمەن. بىلەمسىز؟ تەقدىرنىڭ رەھىمسىز قارا قولى بىزنىڭ پاك مۇھەببىتىمىزگە چاڭ سالغاندىن كېيىن مەن بىرەر كۈنمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم. گويا ئەتراپىم قاتمۇ-قات تارتىلغان سىملار بىلەن قورشىۋېلىنغانىدەك، مەڭگۈلۈك ئىسكەنجىگە ئېلىنغانىدەك ئازابلىنىپ كەتتىم. سىزگە بولغان تەشنالىقىم، سىزگە بولغان يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىرىم شۇنچە ئۇلغىيىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلدى. گەرچە ھاياتىمغا تەھدىت ۋە پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان رەزىل تويدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان بولساممۇ، بىراق پاكلىقىمنى ساقلاشقا قادىر بولدۇم. مەن سىزگە بېغىشلانغان يۈرىكىمنىڭ ئەبەدىي توختىماي سوقۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، سىزنى مەڭگۈ سۆيىدىغانلىقىمنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن. مەن ئۈچۈن سىز دۇنيادا تېپىلغۇسىز گۆھەر! پەقەت سىزلا ماڭا قايناق ئىلھام، شېرىن سۆيگۈ ۋە ئاجايىپ ئەقىدىلەرنى بەخش ئېتەلەيسىز. سىز بىلەن بىللە ياشاشنى شۇنچىلىك زور بەخت دەپ بىلىمەن. قەدىرلىكىم، مەن ئانامدىن بەكمۇ نەپرەتلىنىمەن، يىرگىنىمەن، ئۇ پۇلغا شۇنچىلىك ئامراق. پۇلنى كۆرسە كۆزلىرى قىزىرىپ، تېرىسىگە سىغماي كېتىدۇ. ئۇ، شۇنچىلىك رەھىمسىز، دادام بولسا خاڭدا كۆمۈر بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئېسىمنى بىلسەم، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر-بىرىگە

ئوخشىمايدىغان ئادەملەر ئۆيىمىزگە كىرىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆيدە هاراق ئىچەتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى، ۋارقىرىشاتتى. مەن ئائىلىمىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئانامنىڭمۇ باشقا ئانىلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى هېس قىلغانىدىن كېيىن بەكمۇ ئازابلاندىم. چوڭ بولۇپ هۆسن - جامالىم كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەندە تەقدىرىمدىن تېخىمۇ قورقىدىغان بولۇپ كەتتىم. شۇ چاغدا سىز مېنىڭ قەلبىمگە بېسىپ كىردىڭىز. پاك ۋە يالقۇنلۇق سۆيگۈ ئوتىڭىز بىلەن هاياتىمغا يېپيېڭى مەزمۇن ئاتا قىلدىڭىز. بىز ئاجايىپ تاتلىق، ئۇنتۇلماس مىنۇتلارنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. مەن هاياجان بىلەن سىزنىڭ مۈرىڭىزگە ئېسىلىپ، تۇرۇپ يىغلىغىنىم هېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ مېنى ناپاك ئايالنىڭ قىزىكەن دېمەي ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭىز يۈرەك - باغرىمدا بىر ئوتلۇق ئىشقىمنى پەيدا قىلدى. شۇندىن كېيىن سىزگە بارلىقىم بىلەن تەلمۈردۈم، ئىنتىلدىم. شېرىن خىياللىرىم، گۈزەل چۈشلىرىمدە سىز بىلەن سىرداشتىم. بىراق ئانام مېنىڭ تەقدىرىمنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ قولىغا بىر بوتۇلكا دىدىۋىنى ئېلىۋېلىپ: «ئەگەر دانى بىلەن توي قىلمايدىغان بولساڭ مۇشۇ دىدىۋىنى ئىچىپ بىراقلا ئۆلىمەن» دەپ تەھدىت سالدى. مېنىڭ شۇنداق قىلماسلىقىمغا ئامالىم يوق، ئۇ دېگىنىنى قىلىدىغان ئۆكتەم ئايال ئىدى. مەن يىغلىدىم، يالۋۇردۇم، ئانامغا تىزلاندىم. ئۇنىڭ مۇزدەك قوللىرىغا ئېسىلدىم. ئەمما ئۇ پېشانەمگە نوقۇپ تۇرۇپ مېنى ئىتتىرىۋەتتى. هاقارەت ۋە زورلۇق يۈرەك - باغرىمنى قان قىلىۋەتتى. ئانام رەھىمسىزلىك بىلەن دانىغا مەخپىي سودا قىلىپ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ئاشۇنداق ئاياق - ئاستى قىلدى. ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە ناھايىتى زور پۇلغا ئېرىشتى. مەن بولسام دوزاخ ئازابىغا قالدىم. سىز بولسىڭىز بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئېدىڭىز، بۇنى سىزگە ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. ئاخىرى دانى بىلەن توي خېتى ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. هازىر ئۇنىڭ ئاچكۆز هاۋايى - ھەۋىسى مېنى ۋەھىمىگە سالماقتا. جېنىم دىلشات، بىر يىرتقۇچ ۋە رەھىمسىز ئەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش نېمىدېگەن تەس - ھە؟!

مەن مەكتەپكە قېچىپ كېلىۋالغاندىن كېيىن، دانى بۇ يەرگىمۇ ياۋۇزلۇق بىلەن بېسىپ كەلدى ھەم مېنى بەدەنلىرىم كۆكىرىپ كەتكىچە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. مەن شۇ چاغدا ياغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ سىزنى مىڭ مەرتىۋە سېغىندىم. بىز تەقدىرنىڭ مۇنچىلىك دەرىجىدە رەھىمسىز بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ - ھە؟ مەن هازىر قاتتىق تېڭىرقاش ئىلكىدە تۇرماقتىمەن. هاياتتىن بىر يولىلا ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ دۇنيا بىلەن خوشلىشاي دېسەم سىزگە چىدىمىدىم، يۈرىكىم سىز ئۈچۈن تەلپۈنۈپ تىنىمسىز گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتسا قانداقمۇ سىزنى تاشلاپ قارا يەر باغرىغا كىرىپ كېتەي!؟ ياشاش ماڭا تېخىمۇ زور ئازاب

ئېلىپ كەلمەكتە. ئاخىرى سىزگە بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. دىلشات، ئادەم بەربىر ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆلۈم ياش - قېرى دەپ تاللىمايدۇ. ئادەم بىرلا كېلىدىغان بۇ تەگسىز ئالەمدە ئۆزى چىن ئەقىدە باغلىغان، ئۇ تىتەك قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن سۆيىدىغان ئاشىقىدىن ئايرىلىپ يات ھەم سوغۇق ۋۇجۇتقا بارلىقىنى بېغىشلاشقا قانداقمۇ ۋىجدانى چىدىسۇن؟ مەن پەقەت سىزنىلا سۆيىمەن. سىز بىلەن بىللە ياشاشنىلا ئارمان قىلىمەن. مېنى دەرھال قۇتقۇزۇۋېلىڭ! سىز ئۇچۇن شۇنچە زور جاسارەت بىلەن ساقلاۋاتقان ئىپپىتىم بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىسۇن. ھازىر مەن گويا ئەتراپى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن قورشالغان يالغۇزلۇق ئوت دۇۋىسىدىكە تاشلىنىش ئالدىدا تۇرغاندەك ھاياتىمدىن خەۋپسىرىمەكتىمەن. يۇمران تۇيغۇلىرىم، سۆيگۈ ئۇچۇن كۆرگەن تاتلىق چۈشلىرىم ۋە مەھكۇم تەقدىرىم مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان قانلىق تراگېدىيىگە ئۇچراپ قېلىشتىن تېخىمۇ چۆچۈمەكتىمەن. مەن ئۆرپ - ئادەت ئىسكەنجىسىنى بۇسۇپ تاشلاپ پاك بەدىنىمنى سىزگە تاپشۇرۇشقا شۇنچىلىك تەقەززا بولماقتىمەن. چۈنكى سىز مېنىڭ قەلبىمدىكى مۇقەددەس بىر ئىلاھ. خۇشاللىقىمغىمۇ، قايغۇمغىمۇ شېرىك بولغۇچى ئەڭ يېقىن سىرداش، پەقەت سىزنىڭ سۆيگۈ ئوتىڭىزلا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتالايدۇ. پەقەت سىزنىڭ قايناق ھاياجان بىلەن كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىڭىزلا ماڭا ئالەمچە لەززەت بەخش ئېتەلەيدۇ. مەن دانىدىن ھامان ئايرىلىپ كېتىمەن. لېكىن بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ بۇنى بىلمەيمەن. سىز بىلەن توي قىلىپ «شېرىن ئاي» لارنى بىللە ئۆتكۈزۈشنى كېچە - كۈندۈز خىيال قىلماقتىمەن. ئالدىمىزدىكى يول ئەگرى - توقاي. سىز ئىسيانكار روھ بىلەن مەندەك بىر بىچارە قىزنى زورلۇق ۋە دەپسەندە قىلىشلاردىن ساقلاپ قالسىڭىز ئەڭ زور بەختكە ئېرىشەلەيسىز. تاڭ ئېتىپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ئىچىمدىكى پىغانلىرىمنى تۆككەنسېرى كۆز ياشلىرىممۇ قەغەز يۈزىگە توختىماي تامچىلىماقتا. مەن ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدىم. پۈتۈن ئەزالىرىم كۆيۈپ كېتىۋاتقاندەك ۋىژىلداپ ئاغرىماقتا. مەن سىزنى بۇ ئازاب ۋە خورلۇق ئىچىدىكى مۇھەببەت قايىنىمىغا يەنە سۆرەپ كىرىدىغان بولدۇم. ئەپۇ قىلىڭ. چۈنكى مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ. خەير قەدىرلىكىم، بىز ئەتە سائەت ئۇچتە خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشايلى. شۇ چاغدا مەن سىزگە قەغەز يۈزىدە ئىزھار قىلالمىغان تېخىمۇ نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بېرىمەن. شۇ چاغدا سىز مېنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ قالىسىز.

سىزگە تەلپۈنۈپ تۇرغۇچى ئالمىرە.

## 6

دىلشات تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا تەرجىمانلىق قىلاتتى. ئۇ كۈندۈزى ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن مەشغۇل بولسا كەچلىرى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى باش كۆتۈرمەي ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلاتتى. ئۇ كۆپرەك پۇل تېپىپ توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. بىراق

ئويلىمىغان يەردىن ئالمىرە قولىدىن كەتتى. بۇ ئېغىر تىراگېدىيە ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇ ھوشىنى يوقاتقىچە ھاراق ئىچتى، ئاللاتاغىل ناخشىلارنى توۋلاپ، كوچىلارنى بېشىغا كىيدى. دوستلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا ئېچىندى. بىلىمگەنلەر نەپرەت ئوقۇدى. نېمىلا قىلغان بىلەن ئالمىرە ئەمدى ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ بىر پارچە ماقالىنىڭ تەرجىمىسىنى ئالدىراپ - تېنەپ ئىشلىمەي - دە، ھاراق ئىچىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇردى. شۇ ئەسنادا ئالمىرەنىڭ خېتى ئۇنىڭ قولىغا تەگدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالمىدى. ياش تامچىلىرى مەڭزىنى يۇيلاپ ئاقاتتى. بۇ تۇمان ئىچىدە يول تاپالماي تېنەپ قالغان ئادەمدەك بىر ھازا سۈكۈتكە چۆكتى: ئالمىرەنىڭ ئازابلىق سىماسى كۆز ئالدىدا بارا - بارا يوغىناپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن بۇلاپ كېتىلگەن مۇھەببىتى ۋۇجۇدىنى لاۋۇلداپ كۆيدۈرۈپ خىياللىنى ئەسىر قىلدى. ئەمدى ئۇ يەنە ئەقىدە بىلەن ئۆچمەنلىك ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان شىددەتلىك ئېلىشىشنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگدى - دە، ئالدىراپ ئېشىخانىدىن چىقتى.

7

ئالمىرە دانىغا تۇتۇق بەرمىگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن قىزلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھېسسىياتىمۇ ئالمىشىپ تۇراتتى. چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە كۆڭلىگە تۇرلۇك خىياللار كىردۇۋالاتتى. ئۇ تويغا كەتكەن پۇلغا قىلىچىمۇ ئۆكۈنمىدى. بىراق ئەرلىك غۇرۇرىنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىغىنىغىلا غەزىپى كەلدى. ئۇ كۈتۈلمىگەندە ئالمىرەدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان لاتاپەتلىك بىر قىزنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالدى - دە، تېخى قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىغان ئالمىرەنى كۆزدىن يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ شۇنداق قىلىسىلا پۇخادىن چىقاتتى. ۋۇجۇدىنى قورۇۋاتقان يوشۇرۇن ئازابتىن خالاس بولاتتى. پەقەت پۇلنىلا كۆزلەيدىغان، جېنىدىن جاق تويغان ئىككى لۈكچەك دانىنىڭ مەخپىي كېلىشىمى بىلەن ئالمىرەنىڭ پېيىگە چۈشتى. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ قانداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. پۇلدىن ئىبارەت ئاشۇ بىر پارچە سىرلىق قەغەزلا ھەممىدىن غالىب ئىلاھ ئىدى.

ئالمىرە كېچىككىنە قارا سومكىنى كۆتۈرگەن ھالدا باغچا ئالدىدىكى يولغا كەلدى. ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ئارقىسىدا يۈرگەن لۈكچەكلەر جىددىيلەشكەن ھالدا ماشىنىنى ئۇدۇل چوڭ يولغا بۇردى. ئەتراپ ۋاڭ - چۇڭغا تولغانىدى. يولدىن ماشىنىلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. ھەر كىم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئالمىرە يولنى تۇغرا كېسىپ باغچا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. باغچا ئالدىدىن چوڭ يولغا چىقىپ بولغان تاكسى ماشىنىسى ئالمىرەگە قاراپ بوراندەك كەلدى. ئېچىنىشلىق بىر چىر-

قىراش بىلەن ئالمىرە يولنىڭ چېتىگە
ئۈچۈپ چۈشتى. لۈكچەكلەر يولىنى تىكىـ
ۋەتتى. بىر توپ كىشىلەر ئالمىرەنىڭ
ئەتراپىغا توپلاندى. بىر دەمدىن
كېيىن ساقچى ماشىنىلىرى قۇلاقنى پاك
قىلغۇدەك قاتتىق چىرقىراپ كەينى-
كەينىدىن بۇ يەرگە كېلىپ توختىدى.
دىلشات باغچا ئىشىكى تەرەپكە قاراپ
كېتىۋېتىپ يۈرىكى ئېغىۋاتقاندەك بولـ
دى - دە، ئۇدۇل ئادەملەر توپىغا قاـ
راپ يۈگۈردى. ئالمىرەنىڭ قانغا بوـ
يالغان جەسىتى ئوتتۇردا سوزۇلۇپ
ياتاتتى. دىلشات لاغ - لاغ تىترىگەـ
نىچە ئاغزىنى ئېتىۋالدى. ئۇنىڭ ۋۇ-
جۇدىنى سوغۇق تەر باستى، چىرايى تاـ
تىرىپ كەتتى. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە
ئالمىرەنىڭ چۈۋۇلغان چاچلىرىنى
سىلىدى. ئۇنىڭ يەدەنلىرىدىن سىرـ
غىپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانلار يولـ
غا يېيىلماقتا ئىدى. دىلشات بىردىنلا
شىرەدەك ھۆركىرەپ ئالمىرەنىڭ جەسەـ
تىنى سىلكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆـ
زىگە ئەتراپتىكى ئادەملەر ۋە يوـ
بىرپايان كەڭ جاھان كۆرۈنمەيلا قالدى.
ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن «ئالمىرە، ئالـ
مىرە، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن كەلدىم»
دەپ نىدا قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەـ
لەم ۋە پىغانغا تولغان ئاۋازى چەكـ
سىز بوشلۇقتا ئۆزلۈكىدىن غايىب
بولدى. ئوساتتىن ئۇنىڭ بېشى پىرـ
قىراپ قېيىشقا باشلىدى، كۆزلىرىگە
قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، پۇت - قوللىرى
بوشىشىپ كەتتى. ئۇ كىشىلەر توپى
ئىچىدە سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ يەرـ
گە گۈپپىدە يىقىلدى.

ھازىدار كىشىلەر كىچىككىنە ھويلىـ
غا پېتىشمايدۇ قالغانىدى. يۈرەكنى
ئېزىدىغان يىغا ئاۋازى پەلەكنى تىتىـ
رەتتى. ئالمىرەنىڭ ئاپىسى ئۇدۇل
كەلگەن ئايال لارغا ئېسىلىپ يىغلاۋاـ
تاتتى. دانى ھويلىنىڭ بىر چېتىدە
ئوغرى مۈشۈكتەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ
تۇراتتى. ئاق باغلىۋالغان دىلشات
بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دانىنىڭ
ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئالمىرەنىڭ ھاـ
ياتىنى نابۇت قىلغان، ئۆزىنىڭ مۇـ
ھەببىتىنى خانىۋەيران قىلغان رەزىل
مەخلۇقنى ئەمدى راسا ئېنىق كۆردى.
ئۇنىڭ دانىنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ
تۇتۇپ ۋالاق - ۋۇلۇق ئورۇۋەتكۈسى،
ئاغزى - بۇرنىنى قانغا بويىۋەتكۈسى
بار ئىدى. بىراق، ھازا بولۇۋاتقان
بۇ پەيتتە ئەسەبىي تىراگېدىيىنىڭ
پەيدا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ نېيىتىدىن
يانىدى. ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرى چاقـ
ناپ تۇرغان كۆزلىرى گاھ دانىغا، گاھ
ئالمىرەنىڭ ئانىسىغا نەشتەردەك سانـ
جىلاتتى. ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايى
تۆمۈردەك كۆكەردى، قانلىرى شىددەت
بىلەن ئۇرغۇدى. ئۇ گويا دەھشەتلىك
سىلكىنىشتىن يېرىلغان يەرنىڭ چوڭقۇر
قاتلىمىغا غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىـ
ياتقا چۆمدى. ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ
ياتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلەـ
رى گاھ ئاشۇ تۇمانلىق جاھانغا تاشـ
لانسا، گاھ چەكسىز كۆكتىكى بۇلۇتلار
قاينىمى ئىچىدىن يېيىلىپ كېلىۋاتـ
قان قاندەك قىزىل شەپەق پارچىلىرىـ
غا قادىلاتتى. غايەت زور تەشنالىققا
تولغان مۇھەببەت ھېسلىرىنىڭ كۆكۈل
دۇنياسىدىن ئاستا - ئاستا توزۇپ كېـ
تىۋاتاتتى.

ئالمىرەنى يۇغىلى كىرگۈچى ئاياللار دەھشەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغانىدەك ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ھايات بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان بۇ بەدەندىن توغرىسىنى ئېيتقاندا، قات-قات سىم بىلەن مەھكەم تېڭىلغان ئىنچىكە بەلدىن تەرۋەقاكسىق قان ھىدى گۈپۈلدەپ تاراشقا باشلىدى. پاك تەنىنىڭ قان بىلەن بويالغان مۇنداق ئېچىنىشلىق مەنزىرىسى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرىنى ئۈزۈپ ئالدى. بىراق بارلىق پاجىئەنىڭ سەۋەبچىسى بولغان رەھىمسىز ئانا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئاچكۆز ۋە شاللاق كۆرۈنەتتى.

ئالمىرەنىڭ جەسىتى ئاپئاق ئاخىرەتلىككە ئېلىنىپ، تاۋۇتقا سېلىندى-دە، مۈكلۈك يىغا-زارە ئىچىدە ھويلىدىن ئېلىپ چىقىلدى. شۇ ئەسنادا ساقچى ماشىنىسى قاتتىق چىرقىرىغىنىچە قورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دانى يالاپ ئىشلەتكەن ئىككى لۈكچەك ساقچىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلار دالانغا ئالايغان ھالدا گۇناھكارلارچە بېشىنى ئەگدى. دانى قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ قولىغا تۆمۈر كويزا سېلىندى. دىلشات شۇ چاغدىلا ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتى-دە، بىردىنلا ئەسەبىيلەشكەن ھالدا دانىغا ئېتىلدى. ساقچىلار ۋە جامائەت ئۇنى تەستە تۇتۇۋالدى. ئەتراپ پاتپاراقچىلىققا تولدى. كىشىلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا تاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشتى.

ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل-دەرەخلەر شىۋىرغانىدا ئىڭغايشىيتتى. يىراقتا غادىيىپ تۇرغان كۈمۈش رەڭ تاغلار تېخىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئالمىرەنىڭ جەسىتى ئۈن-تىنسىز ھالدا يەرلىككە قويۇلدى. ھازىدار كىشىلەر دۇئا-تىلاۋەت قىلغانىدىن كېيىن بىر-بىرلەپ تارقاشقا باشلىدى. دىلشات يالغۇز ئايرىلىپ قالدى-دە، بىر دۆۋە توپىغا قاراپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. «ئالمىرە، بەك بالدۇر كەتتىڭىز ئالمىرە، مەن سىزنى سۆيەتتىم ئالمىرە، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، تەقدىر نېمىدېگەن رەھىمسىز ئالمىرە!» ئۇ توختىماي شىۋىرلايتتى، نىدا قىلاتتى، كۆككە تەلپۈنەتتى، يەرگە باش ئۇراتتى. بىراق ئەتراپىدا قۇپقۇرۇق بىر دۇنيالا يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ مۇھەببىتىمۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيتتى.

چەكسىز ئاسمان بوشلۇقى بىردىنلا كۆكىرىپ، لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى. دىلشاتنىڭ ئۈستىگە، ئالمىرە ياتقان قەبرىگە، پۈتۈن جاھانغا قار ئۇچقۇنداپ ياغماقتا ئىدى. دىلشات مۇزدەك توپا دۆۋىسىدىن قولىنى تارتىپ ئورنىدىن تۇردى. كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئەتراپ ئاق لىباسقا پۈركەنگەنىدى. ئالمىرەنىڭ قەبرىسىمۇ ئاپئاق ۋە يۇمران قارلارغا كۆمۈلۈپ بولغانىدى.

# نەسىرلەر

## ئەسئەت ئابدۇقادىر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ «يۈتكەن ئۇپۇق»، «نۇر»، «ياشلىق مېلودىيىسى» قاتارلىق بىر قىسىم نەسىرلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ياش نەسىرچى ئەسئەت ئابدۇقادىر 1965 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇن خوتەن شەھىرىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ داشۆيىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.



ئۇ 1985 ـ يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىگە يېقىن نەسىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان ھەمدە «نۇر»، «ئۆلۈك ۋە تىرىك» كە ئوخشاش بەزى نەسىرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئەسئەت ئابدۇقادىر يېقىندا ئۆزىنىڭ تۇنجى نەسىرلەر توپلىمى — «مۇھەببەت ھەققىدە رىۋايەت» نى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

## تەنھالىق

بىر قەدىمكى دالىدا كاككۇك گۈللىرى بۈككىدە ئۆسۈپ كەتكەنىدى. گۈللەر مەيىن شامالدا تەۋرىنەتتى. ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. قۇياش نۇرىدا تولىمۇ شوخ، نەپىس، رەڭدار كۆرۈنەتتى.

مەن بۇ مەنزىرىلەردىن لەززەتلىنىپ ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بىر ئازدىن كېيىن تاغ تەرەپتىن بىر توپ ئاقۇش تۇمان سۈرۈلۈپ كېلىپ دالىنى قاپلىدى. ئارقىدىن بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ چىپپىدە توختاپ قالدى. گەرچە مەيىن شامال چىقىۋاتقان بولسىمۇ، تۇمان ھېچبىر ياققا سۈرۈلمەيتتى. بۇ ھال مېنى ھەيران قالدۇردى. بولۇپمۇ دالا يۈزىدە كىشىنى مەپتۇن قىلغان ھېلىقى كاككۇك گۈللىرى سولىشىپ قالغانىدى. گۈزەل مەنزىرىنىڭ بۇنداق تېز ئابۇت بولۇشىدىن كۆڭلۈم تولىمۇ غەش بولدى. بىردىنلا قۇلىقىمغا كۈچلۈك بىر ئاۋاز كىردى. ئۇ قۇشلارنىڭ سايرىشلىرىدىنمۇ، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرىدىنمۇ، قويلارنىڭ مەرەشلىرى ياكى كالىلارنىڭ مۆرەشلىرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ھېچبىر نەرسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى. بۇ ئاۋاز تولىمۇ يېقىمسىز ئىدى. بىر پەستىن كېيىن بۇ ئاۋازلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ دالىغا كاككۇك گۈللىرىنىڭ بەرگىلىرى چۈشۈشكە باشلىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي دالا يۈزى بەرگىلەر بىلەن تولدى. بۇمۇ ئۆزگىچە گۈزەل بىر مەنزىرە ئىدى. مەن بۇنىڭدىنمۇ لەززەتلىنىشكە باشلىدىم. بىردىنلا بۇرنۇم تۈشۈكچىلىرىدىن ئاقۇش تۇمان ئېتىلىپ چىقىپ، تۇمانغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئارقىدىن تۇمانلار پەسكە شۇڭغۇغىنىچە دالىدىكى گۈل بەرگىلىرىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ ئاللىقا ـ ياقلارغا كەتتى.

دالا قۇپقۇرۇق، يېقىنىمىز بىرنىمىگە ئايلىنىپ قالدى. مەن تېڭىرقاپ ئۇيغا چۆمدۈم. ئەسلىدە ئاقۇش تۇمانلار غالجىر ئىكەن-دە! مېنىڭمۇ روھىم ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى... شۇندىن ئېتىبارەن مەن يىگانە قالدىم.

## ۋىناسقا بىر سۆز

مەن باشقا بىر دۇنيادا، باشقا بىر زېمىندا ۋىناس بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئۆز زىبالىقىنى يوقاتمىغانىدى. مەن ۋىناسقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سەجدە قىلدىم. ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئالمىدى. مامۇقتەك يۇمشاق، سۈتتەك ئاپئاق پۇتلىرىغا لەۋلىرىمنى تەگكۈزۈپ سۆيدۇم. ئۇ يەنىلا سالىمىمنى ئىلىك ئالمىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەيۈسلۈك، خاپىغانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— ئىلگىرى يەر شارىنىڭ نۇرىدا، ئىنسانىنىڭ مۇھەببىتىدە سېنى كۆرگەنىدىم، — دېدىم. ئۇنىڭدىن ھېچبىر زۇۋان چىقمىدى. ھەتتاكى ئۇنىڭ مۇرىلىرىگە ئىككى قاغا قونۇپ قاقىلدىغانىدىمۇ ئۇ مىت قىلماي تۇردى. ۋىناسنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئىچىم سىرىلدى. مەن ئىختىيارسىز شۇنداق خىتاب قىلدىم:

— ئەي ۋىناس، سەن بۇ دۇنيانىڭ سۈبھى نۇرىغا ئەبەدىي چۆمۈلۈپ تۇرغايسەن، بىز سېنىڭ قۇدرىتىڭنى يىراقتىن ھېس قىلىپ تىۋىنايلى!

## سەپەرداشلار

مەن بىر كىشى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قالدىم. بىز بىرنەچچە كۈن پاراڭلاشماي ئۈنسىز ماڭدۇق. چىڭقى چۈش، ھاۋا ئىسسىق. مەن ئۇنىڭغا سۆز ئاچتىم:

— ئاۋۇ قېرى توغراق سايىسىدە بىر ئاز سەگىدىۋالايلى!

— مەن ئالدىراش، ماڭمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كىشى چىپ-چىپ تەرلەپ تۇرسىمۇ.

— قەيەرگە شۇنچە ئالدىرايسىز؟

— كۈن چىقىشنى نىشان قىلىپ ئۆزۈتتىدىن بېرى مېڭىۋاتىمەن، — دېدى قوللىرىدا چىككە تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ تۇغۇلغىنىمدىن بېرى مېڭىۋاتىمەن، ئەمما قەيەرگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن.

— ھىم.

— بىز بىر ئاز سەگىدىۋالايلى، بۇ يول پات تۈگەيدىغاندەك ئەمەس.

— ئاز قېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ قولىدا كۈن نۇرىنى توسىغاچ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش قولۇمنى چىكەمگە ئاپىرىپ يىراققا قارىدىم. ئەمما، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

— قانداق بىلدىڭىز؟ — مەن تەئەججۇبلىنىپ سورىدىم.

— بىر ناخشا ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن شۇنداق ئېنىق ئاڭلىنىۋاتىدىغۇ، —

دېدى ئۇ ئالدى تەرەپنى ئىما قىلىپ.

— مەن ھېچبىر سادا ئاڭلىمىدىمغۇ؟

— بىلمىدىم، — دېدى ئۇ ئازراق سۈكۈتتە تۇرۇۋېتىپ، — ئۇزۇن زامانىدىن بېرى مەن ئاشۇ جەزبىلىك، لېۋەن ناخشىغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتىمەن.

بىز يولىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق.

— قۇياش پاتتى، سەل تۇرۇپ دۇنيانى زۇلمەت قاپلايدىغان بولدى، — دېدىم.

— ھىم.

— قاراڭغۇدا يولدىن ئادىشىپ قالمايلى، شۇنىڭغىچە بىرەر ئارامگاھ تېپىۋالغان بولساق ياخشى بولاتتى.

— مەن يولدىن ئاداشمايمەن، مېڭىۋېرەي، — دېدى ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ. مەن ئامالسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا مەن تەمتىرەپ قەدەم ئېلىشقا باشلىدىم. ئۇ بىخارامان كېتىۋاتاتتى. مەن چوڭقۇر بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتتىم.

— ھەي بۇرادەر، مېنى قۇتقۇزۇۋال! — دەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم.

— سەن مەنزىلىڭگە يېتىپ بوپسەن، مەن ماڭاي.

— ھەي، ماڭا ئۇۋال قىلما، خېلى كۈندىن بېرى ھەمسەپەر بولغىنىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىل!

— سېنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىڭنى بىلەتتىم. بولدى، مەن ماڭاي. ناخشا يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكىنىنى كۆردۈم. مەن شۇنچە تىڭشاپ باققان بولساممۇ ناخشىنى زىنھار ئاڭلىيالمىدىم، پەقەت بىرسىنىڭ بوشقىنە ئاياغ تىۋىشىنىلا ئاڭلىدىم.

## رەقىب

ھاۋا سوغۇق ھەم تۇتۇق كەڭ دالىدا ئىككى توپ كىشى بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۈنسىز تۇرۇشىدۇ. ئىككى توپ ئوتتۇرىسىدىكى قار ئۈستىدە سانسىزلىغان ئىت ئىزلىرى ۋە ئۇيۇپ قالغان قانلار كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇرىدۇ.

ئىككى تەرەپ يەنە بىردىن ئىت قويۇۋېتىپ بەردى. ئىتلار سادىقتىن چىققان ئوقتەك بىر - بىرىگە ئېتىلىپ تالىشىپ كەتتى. قانلار بىرىنىڭ بويىنىدىن، يەنە بىرىنىڭ بويىنىدىن ئاقماقتا...

خېلى كۈنلەردىن بۇيان ئاچچىق يۇتۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپتىمەن. سىرتتا شىۋىرغان ئارىلاش قار ياغماقتا. ئوت يېقىلمىغاچقىمۇ ئۆي سوۋۇپ كەتتى. مەن كەڭ دالىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئاپئاق قارنى قىپقىزىل قانغا بوياشنى ئويلىدىم. لېكىن، مەن يەنىلا ئاچچىق يۇتۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىمەن. سىرتتا شىۋىرغان ئارىلاش قار ياغماقتا.

# «ئىزلەنمە ھېكايىلەر»

## ئىككى ھېكايە

### ئەسئەت ئەمەت

**مۇھەررىردىن:** دۇنيادا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزدە 80 - يىللاردىن كېيىن ئەنئەنىۋى پىروزا قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا نىسبەتەن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىچىلىك ياراتقان ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى ۋە مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ خىلدىكى ھېكايىلەر ئادەتتە «ئىزلەنمە ھېكايىلەر» (探索小说) دەپ ئاتالماقتا. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ يېقىندىن بۇيان «ئىزلەنمە ھېكايىلەر» مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، مەھەممەت باغراش، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر، ئەسئەت ئەمەت، پەرھات تۇرسۇن... قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرى «ئىزلەنمە ھېكايىلەر» جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ ساندا دىققىتىڭلارغا ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزگىچە ئاشۇ خىل ئەسەرلەردىن تاللاپ سۇندۇق.

## رويال ھەققىدە ھېكايە

ئۇ تۇيۇقسىز قوزغالغان، بېسىۋالغىلى بولمايدىغان بىر ئىستەكنىڭ تەسىرىدە ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى قويىدىغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيدىكى روياڵدىن چىققان تونۇش بىر كۈي ئۇنىڭ ئاللىقاچان كونىراپ كەتكەن ئەسلىمىلىرىنى قوزغاپ قويغانىدى. ئۇ ھاڭ - تاڭ بولغىنىدىن ئەقلىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى.

رويال ئۆزلۈكىدىن چېلىنىۋاتامدىغاندۇ؟



بۇ روياڵنىڭ تاشلاپ قويۇلۇشى ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئارتۇقچە، ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىدىن ئىدى، ئۇ ئاشۇ ئۆيدە قانچە يىللاردىن بېرى توپا - چاڭ بېسىپ ياتتى، ئۇنى ھېچكىممۇ ئىزدەپ قويمىدى، چۈنكى ھېچكىم ئۇنىڭغا ھاجەتمەن ئەمەس ئىدى.

بۇ رويال ئۇنىڭ دەسلەپكى ئايالى ئۈچۈن ئېلىنغان، ئەمما ئۇ ياش، گۈزەل ئايال بۇ روياڵغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ناخشا چولپانى بولۇشقا ئىشتىياق باغ-

لاپ يۈرگەن چېغىدا بۇ يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. يىگىت تويدىن كېيىن ئۇنىڭ سەھنە ھاياتىنى ياقتۇرمىدى، بۇ قىزنىڭ شەخسەن ئۆزىگىنىلا تەئەللۇق بولۇشىنى، ئۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ بەھرىمەن بولالماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان ھەم بۇنى ھەقىقىي بىر ئەرنىڭ غۇرۇرى دەپ تونۇغانىدى.

قىز ئۇنىڭ رايىغا بوي سۇندى.

قىز ئۆز ۋاقتىدا سەھنىلەردە ناخشا ئېيتاتتى، رويال چالاتتى ياكى ناخشا ئېيتىپ رويال چالاتتى، بۇ كۈنلەر قىز ئۈچۈن شېرىن بىر ئەسلىمىلا بولۇپ قالدى، قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۇ كۈنلەر ئۇنىڭدىن شۇنچىلا يىراقلىشىپ كەتتى.

يىگىتنىڭ سودا ئىشلىرى ناھايىتى روناق تاپقان بولغاچقا، ئۇ قىزغا ئاتاپ يېڭى بىر رويال سېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ئۆيدە داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. «بۇنىڭدىن زوق ئالغۇچى كىشى پەقەت مەن ئۆزۈم» دەپ ئويلىدى ئۇ.

قىز روياڵغا قاراپمۇ قويمىدى، ھەتتا ئېيزدىپەرۇ ناخشا ئېيتىپ سالمىدى، كېيىن تويۇقسىز كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

يەپيېڭى رويال ئۇ ئۆيدە تاشلىنىپ دۇق پېتى قېلىۋەردى، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاز كۈن ئۆتمەي تامامەن ئۇنتۇلدى. ئەمما ئۇ بۈگۈن سېھىرلەنگەندەك تۇيۇقسىزلا چېلىنىشقا باشلىغانىدى.

يىگىتنىڭ مېڭىسىنى قاتۇرۇپ، دائىم ئويغا سېلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بار ئىدى. ئۇ دائىم «ئۇ مەندەك بىر قارا تۇرۇقنى دەپ نېمە ئۈچۈن ئۆزى شۇنچە ئىخلاس قىلغان سەھنە ھاياتىدىن ۋاز كېچىدۇ؟ مەندە ئۇنى مەپتۇن قىلغۇدەك نېمە بار ئىدى؟ سېنىڭ ناخشىغا، روياڵغا ھەقىقىي ئىشتىياقىڭ بولمىدىغان بولسا نېمە ئۈچۈن مەندىن ۋاز كېچەلمەيسەن؟ سېنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىڭ مەن ئۈچۈن ئوشۇقچە نەرسە ئىدى، خۇددى رويال ئالىمىزدىكى بىردىنبىر كېرەكسىز نەرسە بولغىنىدەك. بىز ئەزەلدىن ئۇنىڭسىزمۇ ياشاپ كەلگەن، بۇندىن كېيىنمۇ ياشاۋېرىمىز. سەن راستىنلا بىھۇدە بىر ئىش بىلەن ھەلەك بولۇپ قالغان بولساڭ كېرەك. ماڭا پەقەت چىرايلىقراق بىر ئايال بولسىلا بولاتتى» دەپ خىيال قىلاتتى.

روياڵدىن چىقىۋاتقان كۈي شۇنداق ماھىرلىق بىلەن چېلىنىۋاتاتتىكى، بۇ ھال ئۇنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى، ئۇ ئۆي تاشلىۋېتىلگىنىگە قانچە يىللار بولغان تۇرسا......

ئۇ ئىلگىرى خېلى بىمالال ئېچىلىدىغان بۇ ئىشىكنىڭ قىنىپ، ئېچىش ئىلگىرىكىدىن خېلىلا تەسلىشىپ قالغىنىنى سەزدى.

ئىشىكنى ئېچىشىغا رويال تىمتاس بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن قاپلانغان گۈگۈم ئۆي ئىچىگە ۋەھىمە بىلەن قاراردى، ئۇنى سۈر باستى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئارقىسىغا يېنىشنى خالىماي ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن ئۆيگە پەرىشان ھالدا قاراپ، چىقتى، بايا خېلى تەستە ئېچىلغان ئىشىك گۈپپىدە يېپىلىپ قالدى، ئۆي ئىچى تېخىمۇ بەتتەر خىرەلىشىپ كەتتى، ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇدىنى يوقىتىپ، بىرھازا داڭ قېتىپ تۇردى.

يوغان بىر ئۆمۈچۈك ئۇنىڭ بېشىغا سەكرەپ چۈشۈپ يۈزلىرى، بويۇنلىرىنى ئىغىدىقلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرىنى نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك ئىككى تەرەپكە يايدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە نېمە ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى دەماللىقتا ئۇنىتۇپ قالدى، ئەمدىلا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىغان رويال بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تۇراتتى، ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى، يەنە بىر قەدەم... ئۇنىڭ بېگىز بارمىقى رويالنىڭ نازۇك تىلىغا تېگىشى بىلەن تەڭ رويالدىن ئىڭرىغاندەك بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى، ئۇ چۆچۈشتىن رىتىمى بۇزۇلغان يۈرىكىنىڭ دۈك - دۈك قىلىپ سوقۇۋاتقىنىنى ئېنىق ئاڭلاۋاتقاندەك بولدى، ئۇ نەپىس ھەرىكەتكە مۇناسىپ كەلمەيدىغان قوپال قوللىرىغا قارىدى، ئاندىن بايىقى ئىڭراش سادىسىنى يەنە ئاڭلىغاندەك بولدى.

«بۇ نازۇك تىللارغا مۇناسىپ كېلىدىغان بارماقلار ئاللىقاچان تۇپىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ بارماقلار ئەمدى ھەرگىزمۇ بۇ تىللارنىڭ ئۈستىدە ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ».

ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەتكە زادىلا مۇناسىپ كەلمەيدىغان قولى بىلەن رويالنىڭ نازۇك تىلىنى بېسىشتەك ئەخمىقانە ئىشى ئۈچۈن ئۆكۈندى.

رويالدىن چىققان ئاۋاز رويالنىڭ خورلۇقتىن ئىڭرىشىغىلا ئوخشايتتى.

ئۇ رويالغا تېگىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ بۇلۇڭغىراق سۈرۈلدى. ئاندىن يۆلەنچۈكى سۇنۇپ كەتكەن، لىڭشىپ تۇرىدىغان بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

«راستىنى ئېيتقاندا مەن سەندىن تەپ تارتاتتىم. ئەمما تەن بەرمەيتتىم. ئىچىمدە، سەن ماڭا ئوشۇق كەتتىڭ، سەھنە ئۈچۈن مەندىن ۋاز كەچسەڭ بولاتتى، دەپ ئويلايتتىم، ساڭا ئىچىم ئاغرىيتتى، سەن كۈندىن - كۈنگە ھېچ ئەرزىمەس بىر ئايالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتىڭ، ماڭا چىرايلىق بىر قىز بولسىلا ياخشى كۆرۈۋېرەتتىم».

ئۇ خىيال سۈرگەنسېرى كەيپىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقىنىنى سەزدى، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى، ئارقىدىن «دۇنيادا ئەرزىيدىغان نەرسىمۇ بارمۇ، ھەممىسى رويالغا ئوخشاشلا ئەرزىمەس نەرسە، بىز پەقەت توغۇلۇپ قالغىنىمىز ئۈچۈنلا ياشايمىز»، دەپ ئويلىدى.

بىر سىقىم توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆزىنىڭ شۇقەدەر ئاجىز، رايىشلىقىنى ئىپادىلىگەن بىر ئايال شۇ تاپتا ئەرۋاھىنى ئەۋەتىپ ئۇنى ۋەھىمىگە سېلىۋاتمايدىغاندۇ!

«مېنى بىسەرەمجان قىلىۋاتقان نەرسە چوقۇم ئۇنىڭ ئەرۋاھى» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى، روياڭ چېلىپ ئۇنى بۇ ئۆيگە چىللىغان، ئۇنى بۇ تاشلاندۇق ئۆيدە خارامۇشلارچە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان چوقۇم قىزنىڭ روھى، ئەمما مەندە نېمە گۇناھ؟

ئۇ نېمىدىندۇر ھىدايەت تىلىگەندەك ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزدى، ئاغزى ئەسەبىيلەرچە تىترەپ چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى دېدى، بوشلۇققا سوزۇلغان ئىككى قولى شىددەت بىلەن ھەرىكەتكە كەلدى. بۇ قوللار ئىگىسىد-

نىڭ قانچە پەرىشان بولۇشىغا قارىماي بوشلۇقتىكى قانداقتۇر بىر نەرسىنى تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى.

ئۇ قولىنى زادى تىزگىنلىيەلمەيدى. بۇ بارماقلار روياليغا قاراپ سوزۇلدى، روياليغا تېگەيلا دېگەن چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز تۇرۇپ قالدى، «قىزنىڭ ئەرۋاھى كارامەت كۆرسىتىۋاتىدۇ» دېگەننى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن مېڭىسىدە ئارانلا ئويلىيالىدى.

ئۇ تۇيۇقسىز ئارقىسىغا قاچقىپ كەتتى. قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى روياليغا يېقىنلاشتۇرماي ئىتتىرىۋەتكەنىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرسا يەنە زەربىگە يولۇقىدىغاندەك بىر ۋەھىمە بىلەن ئۆز جايىدا يېتىۋەردى.

روياليىنىڭ تىلىدىن بىرى، ئاندىن يەنە بىرى بېسىلدى، ئارقىدىن ھەر خىل قالايمىقان ئاۋازلار ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ، ئۆزلۈكىدىن چېلىنىپ كېتىۋاتقان روياليغا قارىدى. لاغىلداپ تىترىدى، ئارقىدىن ۋارقىراشقىمۇ ئۈنى چىقماي ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

ئۇ بىر ئاي داۋالىنىپ ئەسلىگە كەلدى، ئۇ ئۆيىگە قايتقان تۈنجى ئەتىگىنىدە يەنە مۇزىكا سادىسىنى ئاڭلىدى، بۇ قېتىم ئىنتايىن رىتىملىق، كىشىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر سىمفونىيە ئورۇنلىنىۋاتاتتى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى بۇ سىمفونىيىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايتتى.

ئۇ شۇندىن بۇيان ئاشۇ ئەسكى-تۈسكىلەر بار ئۆيدە پەرىشان ھالدا مۇزىكىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ نېرۋىسىدىن گۇمانلانسىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. كۈنلىرى مۇشۇ رىتىمدە ئۆتەتتى.

بۇ مۇزىكا ئۇ قىزدىن ئورۇنلاپ بېرىشىنى كۈتكەن، ئەمما قىز ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاپ بېرىشنى رەت قىلغان مۇزىكا ئىدى.

ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن سەۋدايى بولايلا دېدى، بىر كۈنى چىداپ تۇرالماي:

— مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى بولدى قىلساڭچۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى، مۇزىكا ئۆچتى، سۈرلۈك ئۆي تىمتاس بولۇپ قالدى.

ئۇ تاڭ سەھەردە مۇزىكا ئاڭلىيالمىدى. بىر ھەپتە ئۆتتى، ئەمما ئۇ كۈتكەن مۇزىكا يەرنىڭ قەھرىگە سىڭىپ كەتكەندەك قايتىلاپ ئاڭلانمىدى، ئۇ كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تۈگىدى.

ئۇ بۇلۇڭدىكى لىڭشىق ئورۇندۇقتا نازۇك تىللىرى ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان روياليغا چەكچىيىپ قاراپلا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۈنسېرى ماغدۇرى قۇرۇپ، ھالى خارابلىشىپ كەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇندۇقنى روياليىنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ، روياليغا ئۆزىنى تاشلىدى، روياليىنىڭ تىللىرىدىن بىرا قالا بىرنەچچە خىل ئېگىز - پەس سادالار چىقىپ، ئۆچتى. ئۆي جىمجىت بولۇپ قالدى.

بىر چاشقان كامىرىدىن چىقىپ ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن كېسىلدىدى. بۇلۇڭدىكى كامارىدىن چىرايلىق بىر چاشقان چىقتى، ئۇلار شەپە چىقارماي ئۆي ئىچىدە قوغلىشىپ ئويناشقا باشلىدى.

# دۈكۈر - دۈكۈر

بۇ ئەبگاھ قېرى ھەر يەكشەنبە كۈنى ئېشەكىنى چاپتۇرغىنىچە بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى، ھايۋانلارنى سارىڭ ياكى ئوڭ دەپ ئايرىغاننى مەن ئاڭلاپ باقمىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئېشىكى بىر سارىڭ ئېشەك، بۇ ئېشەك ئېگىسىنىمۇ ئۆزىدەك سارىڭ قىلىپ قويغانىدى.

بوۋاي ئەسەبىيلەرچە چېپىپ كېتىپ بارغان ئېشەكىنىڭ ئۈستىدە بىخارامان ئولتۇرۇپ تەرەپ-تەرەپكە قورقۇپ قاچقان بازارچىلارغا پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئېشەك كوچىدا چىقىپ قالغان توخۇ، قوي ۋە ئۇششاق بالىلارنى ھەرگىز ئامان قويمايتتى.

مېنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا بالام بار ئىدى. بۇ كەپسىز بالا دائىملا كوچىغا چىقىۋالاتتى، ئۇ نەچچە قېتىم ئېشەكنىڭ ئايىغىدا يانجىلىپ ئۆلگىلى تاسلا قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن مېنى تاغدەك غەم باستى.

مەن بۇ ئېشەككە قانداق تەدبىر قوللىنىشنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىنمۇ قورقاتتىم.

بوۋاي بازارغا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كىرەتتى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بازارغا كىرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى بۇ ئېشەك ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، بوۋاي ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ، مېنى كۆردى-دە، سىپايىلىق بىلەن سالام قىلدى، مەن پەرۋا قىلماي تۇرۇۋەردىم. بوۋاي ھاسىسىنى شىلتىپ ماڭا ھەيۋە قىلدى، غەزەپتىن چىشلىرىدىمۇ غارىسلاپ كەتتى.

تۇيۇقسىز تېنىمگە تىترەك ئولاشتى. مەن ھويلىغا قېچىپ كىرىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇنىڭغا قورقۇنچ بىلەن قاراپ تۇردۇم.

بوۋاي ئەتراپىدا ئادەم يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلدى بولغاي، يانچۇقىدىن بىرلوپا ئەينەكنى ئېلىپ، ئېشەكىنىڭ دۈمبىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەشكە باشلىدى، بوۋاينىڭ شادلىقتىن ئېغىزى ئېچىلىپلا قالغانىدى، ئۇ ئۇچلۇق تىرنىقىنى ئېشەكىنىڭ دۈمبىسىدىكى بىر جايغا سانجىدى، ئېشەك چىچاڭشىپ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

مەن گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. بىچارە ئېشەك، سەن ئەسلىدە بىر ئوبدانلا مەخلۇق ئىكەنسەن، ئىگەڭ سېنى سارىڭ قىلىپ قويۇپتۇ.

مەن ھەر يەكشەنبە كۈنى ئوغلۇمنى ھويلىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قوياتتىم. بۇ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما ئوغلۇم يەكشەنبە كۈنىدە ئويناليالمىغاچقا بەكمۇ ئورۇقلاپ كەتتى، مۇشۇنداق بولۇۋەرسە مەن پەرد- بىر ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

مەن بىر كۈنى مال دوختۇرلۇق سومكىسىنى ئېسىپ ھېلىقى ئېشەكىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئەجەللىك يېرىنى بىخوتلاشتۇرۇش ئۈچۈن بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردىم. بوۋاي مەندىن ئۆتۈندى:

—دوختۇر، ئېشىكىمنىڭ دۈمبىسىگە بىر تۆشۈك ئېچىپ بەرسىڭىز، لوپا ئەينىكىم چىقىلىپ كەتكەن، بولمىسا سىزگە بۇنداق يېلىنىپمۇ يۈرمەيتتىم، چۈنكى بۇنىڭ دۈمبىسىدىكى كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان ئىنتايىن كىچىك جاراھەتنى لوپا ئەينەك بىلەن ئاسانلا تېپىۋالاتتىم، سىز ماڭا رەھىم قىلىپ چوڭراق بىر يارا ئېچىپ بېرىڭ.

—مەن دېگەن دوختۇر، ساق ئېشەكنى يېغىر قىلمايمەن.

ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ ماڭا يېلىنىپ يالۇۋۇرغىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ يالۇۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي يېنىپ چىقتىم. «ئەمدى ئېشەكنى يەنە چاپتۇرغىنىڭنى بىر كۆرەي» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

مەن بىر يەكشەنبە ئوغلۇمنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويىمدىم، بىر چاغدا دۈكۈرلىگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى، يۈرىكىم جىغىندە قىلىپ قالدى. مەن ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم، مېنىڭ بىچارە ئوغلۇم يول ياقىسىدا ھوشسىز يېتىپتۇ، ئەسەبىي ئېشەك چاڭ توزۇتۇپ يىراقتا كېتىپ بېرىپتۇ. مەن ئوغلۇمنى ئاران ھوشىغا كەلتۈردۈم، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى خېلىلا ئاجىزلاپ قاپتۇ.

مەن ئاخىرى بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئېشىكىنى قانداق قىلىپ چىچاڭشىتىپ چاپتۇرۇۋاتقىنىنى سورىدىم.

—ئېشىكىمنى دۈشەنبە كۈنىدىن شەنبە كۈنىگىچە تىنماي ساۋايمەن، ئالتە كۈن ئەنە شۇنداق كالتەك بىلەن دۈمبالاپ چىقىمەن، 7-كۈنى ئۇ راسا چاپىدۇ، پەقەت بىر كۈنلا چاپىدۇ. ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ يەنە دۈمبالاشقا باشلايمەن، يەكشەنبە كۈنىدە بازارغا بارمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ھەي، قېرى جېنىم مۇشۇ ئېشەكنى چاپتۇرۇشقا سەرپ بولۇپ تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ، — بوۋاي شۇلارنى دېگەچ، كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېشەكنى دۈمبالاشقا باشلىدى، تەپسە تەۋرىمەس بولۇپ قالغان ئېشەك پەرۋاسىز ھالدا بىر خىللا تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايتتى.

ئېشەككە ئىچىم ئاغرىدى. «بىچارە مەخلۇق، ساڭا ياشىشىڭ ئۆزى بىر ئازاب ئىكەن». مەن ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىر يېغىر ئېچىپ بېرىشكە رازى بولدۇم، بۇ يېغىر ئۇنى بىر ئايغىچە ئۆلۈم گىردابىغا سۆرەپ كېلەتتى.

مەن ئوغلۇمنى ھويلىدىكى تۈۋرۈككە تۆت قېتىم باغلىدىم. بوۋاي ئېشىكىنى چىچاڭشىتىپ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىن شادىمان ھالدا تۆت قېتىم ئۆتتى، بەشىنچى ھەپتىسى ئېشەك ئۆلۈپ قالدى. ئوغلۇم ئەمدى بەھۇزۇر ئوينىيالايدىغان بولدى. قەلبىمنى شادخۇراملىق چۇلغىدى. مەن ئوغلۇمنى ئەمدىلا كوچىغا چىقىرىۋاي دېگۈچە يەنە دۈكۈرلىگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتىم، ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قارىدىم. ھېلىقى بوۋاي كوچىدىن ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئېشىكىنىڭ تىۋىشىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇنىڭ پەيلى بولسا ئېشەكتىنمۇ يامان

ئىدى، «ھېلىمۇ ياخشى ئوغلۇمنى سىرتقا قويۇپ بەرمەپتىمەن» دەپ تەڭرىگە يۈز مىڭ شۈكرى - سانا ئېيتتىم ۋە ئوغلۇمنى يەنە تۈۋرۈككە باغلاپ قويدۇم.

بوۋاي يەكشەنبە يېنىكى ئادەتتىكى كۈن بولامدۇ كىشىنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن كۈنلەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئېشەكنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ چاتاق قىپتىمەن، ئەسلى بۇ بوۋاينى ئېشەك تىزگىنلەپ تۇرغانىكەن، ئېشەك ھايات ۋاقتىدا ئوغلۇم ئالتە كۈن خۇشال - خۇرام ئوينىيالايتتى، ئېشەكنىڭ قەدرى قاتتىق ئۆتتۈلدى. ئەمدى بۇ بوۋاينىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈتمىگەندە پەيدا بولۇپ، ئوغلۇمنى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوغلۇمنى تۈۋرۈكتىن ئاجراتمايدىغان بولدۇم. بەزىدە ئوغلۇم ئەلەمگە چىدىماي ئايىغىنى يەرگە ئۇراتتى، ئۇنىڭ ئايىغىدىن بوۋاينىڭكىگە ئوخشاش دۈكۈرلىگەن ئاۋاز چىقاتتى، مەن دەسلەپتە بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم. ئەمما كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قورقۇشقا باشلىدىم، بارا-بارا بۇ ئاۋاز قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە تىنىماي ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئوغلۇم ئۈچۈن ئازابلىناتتىم، ئىشىك يوچۇقىدىن ئوغلۇمغا قارايتتىم، ئۇ تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

مانا ئەمدى ئېشەكنىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆتتۈلۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى دۈكۈرلىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندىم. بۇ ئاۋاز ھويلىدىن كېلىۋاتاتتى، يەنە كېلىپ، بۇ بىرلا نەرسىنىڭ ئاۋازى ئەمەس ئىدى. مەن ئىشىكنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي يوچۇقتىن مارىلىدىم. ھويلىدا ئوغلۇم، بوۋاي ۋە بىر ئېشەك قاتار تۇرۇپ ئايىغىدىن ئاشۇ خىل ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى، ئۇلار تىنىماي دۈكۈرلەيتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى مەن ماراپ تۇرغان يوچۇقىلا مەركەزلەشكەنىدى، مەن قورقۇپ كېتىپ، كارىۋاتقا چىقىپ يېتىۋالدىم. دۈكۈرلىگەن ئاۋاز مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك قىلاتتى. ئاڭلاش سېزىمىم پۈتۈنلەي زىللىشىپ كەتتى، مەن ئۇيقۇمدىن تامامەن مەھرۇم بولدۇم، كېچە-كېچىلەپ مۇشۇ ئاۋازغا قۇلاق سېلىپ ياتاتتىم، بۇ ئاۋاز پات - پات گۈلدۈرمامىدەك قاراسلاشقا ئۆزگىرىپ، يەنە ئۆز رىتىمىغا چۈشەتتى، ھەر بىر قاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر قېتىمدىن تامغا ئۇسۇۋالاتتىم.

مەن بۈگۈن ئەتىگەندە ئىشىكتىكى يوچۇقنىڭ ئۈچ بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەر بىر يوچۇقتىن بىردىن كۆز ماڭا قاراپ تۇرغىنىنى كۆردۈم، بۇ كۆزلەردىن يېشىل، قىزىل، سېرىق نۇرلار چاقنايتتى، مەن بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇردۇم، مېنى نېمە تەقدىر كۈتۈپ تۇرغىنىنى بىلمەيتتىم، دۈكۈرلىگەن ئاۋاز تىنىماي ئاڭلىناتتى.

دۈكۈر - دۈكۈر، دۈكۈر - دۈكۈر......

مەن بۇلۇڭغا تېخىمۇ بەكرەك قىستالدىم.





کۈرەشجان ئۆمەر

تۈغۈلۈشتىن تەنهەرىكەت مەستانىسى بولسام كېرەك، بۇ سىرنى يېشىم سەل چوڭايغانىدىلا ئاندىن بىلىۋالدىم، ئېغىر-لىق كۆتۈرۈش، ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش، خەلقئاراچە چېلىشىش، چاڭغا تېيىلىش، سۇ ئۈزۈش، پاراشۇتتىن سەكرەش، داپ ئويۇنى، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەي-گىسى ... قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قايسى-سىدا بولمىسۇن پەۋقۇلئاددە نەتىجە قازىنىپ كېلىۋاتاتتىم. بۇنداق زور شان-شۆھرەت قازىنىشىمنى مېنى تۇ-غۇپ چوڭ قىلغان، تەربىيىلەپ يارام-لىق ئەر قىلغان بۆرە ئانامنىڭ خاسىيىتىدىن كۆرىمەن. ئۇ يىل بويى خىلۋەت تاغ-دالىلاردا يەككە يىگانە يۈرىدۇ. گاهى چاغلاردا كىشى-لەر ئارىسىدا ئادەم سىياقىدىمۇ ئايان بولىدۇ. مانا، ھېلىلا ئۇ مېنىڭ يې-نىمدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى-دە يېنىپ تۇرغان كۈچلۈك نۇرنى كې-چىدىن باشقا چاغلاردا مەندىن بۆلەك بىرەر كىشى كۆرەلمەيدۇ. مەن ئۇنى بىراقتىنلا تونۇۋالالايمەن. ئۇ چۈشى-نىكسىز بىر خىل تىلدا سۆزلەيدۇ. كىشىلەر بەزىدە ئۇنى گاچا دېسە، بە-زىدە ئەقلىدىن ئازغان شور پېشانە دەيدۇ. ئۇنداق چاغلاردا غەزىپىم قاي-ناپ چىشىمنى چىشلەپ جىم تۇرىمەن.

ئۇنداق جىم تۇرۇشنى ئانام ماڭا ئۆگەتكەن.

ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇ يەنە مېنىڭ يېنىمدا پەيدا بولدى. مەن ئۇنى ھەر بىر كۆرسەم مۇنداق بىر خىيالنى قىلىمەن: مەن ئادەممۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ئادەم بولسام نېمىشقا ئانام بۆرە؟ نېمىشقا ئۇ ئادەمگە ئايلىنالايدۇ ـ يۇ، مەن بۆرىگە ئايلىنالمايمەن؟ مەن داۋاملىق بۆرىگە ئايلىنىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقىلى ئۇزاق زامان بولدى. لېكىن بۆرىگە ئايلىنىش ماڭا نېسىپ بولمىدى. بەزى چاغدا ئۆز ئۆزۈمنى خۇددى بۆرىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، بۆرىدەك قەيسەر، باتۇر ھېس قىلىپ ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال بولىمەن. ئۇ ماڭا تەسەللىي بېرەتتى، ئۈمىدۋار بولۇشۇمنى تاپىلايتتى، بېشىمنىڭ تېگىمدە بىر سىر پاردەك قىلاتتى. ئۇ ماڭا باشقىلار چۈشەنمەيدىغان تىللار بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتتى. قارىغاندا بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئانچە كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھېلىلا پېشانەمگە سۈيگەن ئۇپۇك تەپتى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ مۇسابىقە باشلاندى... يۈگۈرۈش سىزىقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ماڭا ۋە قارشى تەرەپكە مەدەت بېرىۋاتقان گۈلدۈرمامىدەك ئالقىش ساداسىنى بېسىپ چۈشكەن غەلىتە ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. كاللامدا مۇجمەل خىياللار ئويغاندى. ئىككى تەرىپىمگە قاراپ باقسام ئەمدىلا قىيام بولۇشقا باشلىغان قۇياش، مەيدان يېنىدىكى تاغلارغا، ئۇزاق ئەسىرلەر بويى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئۆڭكۈرلەرگە ئوت چاچرىتىۋاتقانىكەن. يۈرىكىم قارتىمدە قىلىپ قالدى. مەن يەنە شۇ غاردا تۇغۇلغانىدىم. مېنىڭ ئاكام شۇ يەردە تۇراتتى. يۈگۈرگەنچە بېرىپ دەرھال بىرەر تەدبىر قوللانماقچى بولدۇم. لېكىن ئانامنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم. تۇيۇقسىز، يېقىمسىز ئىڭراشلارنىڭ ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا بىراۋنىڭ ساماۋى كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. مەيداندىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەمدۇ سانا ئوقۇغىلى تۇردى، شۇ تاپتا يەر شارى قىزىتىلغان تۆمۈردەك يالقۇن چاچرىتىپ، چاراسلاپ سۇنۇشقا باشلىدى. مەيداندا بىردىنلا قاتتىق جىددىيلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مەن يۈگۈرۈش سىزىقى ئىچىدە يۈگۈرۈۋەردىم. تۇيۇقسىز بىراۋ:

— ئاۋۇ قېچىپ كېتىۋاتقان ئولىمپىكنى تۇتۇڭلار، ئەگەر ئۇنى ساق تۇتساڭلار نۇرغۇن مال-دۇنياغا ئېرىشىسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى. ئارقىدىنلا ھەممە ئادەم تەڭلا:

— ئولىمپىكنى تۇتۇڭلار، ... ئۇ ياققا قاچتى، ... بۇ ياققا قاچتى ... — دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

مەن نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي نىشانغا قاراپ يۈگۈرۈۋەردىم. بىر چاغدا ئالدىم تەرەپتىكى ئوت يالقۇنى، ئىس-تۈتەك ئىچىدىن «OLIMFIK» دېگەن خەت:

— مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋال! — دېگىنىچە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئەتراپىمغا قاراپ باقسام مەن بىلەن يۈگۈرگەنلەرنىڭ قارىسىمۇ يوق، كىشىلەرنىڭ

چۇقان - سۈرەنلىرى شۇنچە يىراقتا ئاڭلىنىۋاتاتتى، مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنى دەرھال يۈرىكىمگە يوشۇرۇۋالدىم-دە، يۈگۈرۈۋەردىم... ئارقىمدىن ساقچىنىڭ «توختا» دەپ بۇيرۇق قىلىشىغا، ئايشاركىنىڭ قاۋاشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سادالار كېلەتتى. مەن خۇددى ئۇنداق بۇيرۇقنى بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئاڭلاپ باقمىغاندەك يۈگۈرۈۋەردىم.

تېزلىك — ھايات. سائەت ئىستىرېلكىسى كېكىردىكىمگە نەيزىدەك يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئىنجىق ھاۋا، جاندىن ئۆتىدىغان چاڭقاقلىق جېنىمغا زامىن بولىدىغاندەك خىرىس قىلماقتا ئىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرىم چاراسلاپ يېرىلىشقا باشلىدى، كۆچەپ يۈگۈرۈۋەردىم. ئالدى تەرىپىمدە ناھايىتى كەڭ كەتكەن بىر تاغ تىزمىسى «ئەجەللىك توشتى» دېگەندەك تەھدىت سالماقتا ئىدى. مەن ئانامنى ئويلىدىم، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. نېمىشقىدۇر تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئۆمرۈمنىڭ قېچىش، يوشۇرۇنۇش ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپ قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدىم. مەن ئانامدىن مەدەت تىلەپ ئۇنىڭغا ئۈنسىز يىغلىدىم. ۋۇجۇدۇمدا بۇرۇن ھېس قىلىپ باقمىغان دەرىجىدە بىر خىل كۈچ - قۇۋۋەت ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن ئالدى تەرىپىمگە تىكىلىپ قارىدىم. مەن كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىنىڭ تاغ ئەمەس، بەلكى قورۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ تېخىچە ھايات

ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان قەدىمىي بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى مىلىك تەسلىكتە كۆرمەكتە ئىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قوللىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرى تىزدىنچە يوق، بەزىلىرىنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەن ھەيران بولدۇم، قورقۇپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئارقىمغا قايتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئالدىمغا قاراپ يۈگۈرۈۋەردىم. مەن يۈگۈردۈم دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ بۆرە ئانىنىڭ دۈمبىسىدە ئولتۇرغىنىمنى كېچىكىپ ھېس قىلدىم. بىز بۇ دەھشەتلىك شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، بەدىنىمىزگە ئوت تۇتىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قاتتىق بىر سىلكىنگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، قارىسام ئانام يوق، ئۆزۈم يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپتىمەن، بىردىنلا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ بىر ماكدام يىراقلىقنىمۇ كۆرگىلى بولماس بولۇپ كەتتى. تېزلىكىم ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى، ئارقامدىن قوغلاۋاتقانلارمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. يۈگۈرگەچ تولا ئويلىنىپ ئانامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بېشىمغا چاچلىرىم بىلەن تەڭ ئۈنگەن بىر تال كۆپكۆك بۆرە تۈكىنى يۇلۇۋېلىپ قىزدۇرۇپ چوغقا ئايلىنىپ كەتكەن زېمىنغا تاشلىدىم. ئاسمان - زېمىن بىردىنلا شەپقەتسىز دېڭىزغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ سۇنى ئىچسەم ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئۇسسۇزلۇقتىن ھېرىپ ھالىمدىن كېتەي

دېدىم... ئاھ سۆيۈملۈك ئېچىلىدىغان ئىشۇ تەشنالىقىم، كۆزلىرى ئالدىمدىكى كەچۈرۈپ كۆرسەتكۈزۈپ تۇلۇم ...

مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. تۇيۇقسىز يىراق - يىراقلاردىن بۆرە ئانامنىڭ ھۇۋلىغان يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈرىكىم ئىزىدىن چۆشكەندەك بولدى. مەن:

— ئانا! جېنىم ئانا! — دەپ ۋارقىرىدىم. بۇ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە...

بەدىنى قازاننىڭ كۈيىسىدەك قاپقارا، كالپۇكلىرى قېلىن، چىشلىرى كېپەندەك ئاق، كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، پۈۋينىغا ھەر بىر تېلى مۇشتۇمچىلىك ئۇرۇقلۇق تەسۋى ئېسىۋالغان، چاچلىرى قوزىنىڭ تۈكىدەك بۈدرە ھەم قارا، قورساقلىرى بادىكىدەك يوغان بىر ئادەم «ياشىسۇن ئېگىزلار!» دېگىنىچە ئېغىزلىق كۆتۈرۈش سەھنىسىگە چىقتى. زالنى ئالقىش ساداسى بىر ئالدى. ئۇ ماشىنا چاقىدەك يوغان ئىشتانكىنى قولىغا ئانچە كۈچىمىگەندەكلا ئېلىپ، ئاستا - ئاستا بېشى تەرەپكە كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەردىن، تومۇرلىرىنىڭ ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىقىلىشلىرىدىن ئىشتانكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئېغىر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئىشتانكا ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ بېشى بىلەن بىر تەكشىلىككە چىققان چاغدا پەيدا ئىدەك پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى. مەيداندىكى ھەممە ئادەم پاتپاراق بولۇپ كەتتى. دوختۇر ماشىنىسىنىڭ تېز قوتقۇزۇش سىگنالى مەيداندا بىر ھازا ئۆزىنى

كۆرسەتتى. بۇ ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئاقپەيدىنپۇن ئاپشارىكىنىڭ ئەنسىز قاۋىشىغا ئوخشاش ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى. ئېغىرلىق كۆتۈرۈش نۆۋىتى ماڭا كەلدى. مەن ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپىمغا تەلمۈرۈپ قارىدىم. بۆرە ئانام يۈگۈرگەن پېتى مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ھەيران قالدىم، ھېچكىم بىر ئانا بۆرىنىڭ ئۇلار توپىنى ئارىلاپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىۋاتقىنىنى كۆرمىگەندەك ئىدى. ئەگەر ئۇلار كۆرگەن بولسا ئۇنداق خاتىرجەم ھالدا مېنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىق كۆتۈرەلەيدىغانلىقىمنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرماي قورقۇشقىنىدىن تىتىرىشىپ كەتكەن بولاتتى. مەن چاڭقاپ قىلىق ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ سۈت تۇشۇپ كەتكەن كۆكسىنى قانغىچە ئېمىۋالدىم. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. ئانامغا تېخى ھېلىلا يول بوشىتىپ بەرگەنلەرمۇ خۇددى ئۆزلىرى ھېچقاچان بىرسىگە يول بىكارلاپ بەرمىگەندەك، يېنىدىن ھېچنېمە ئۆتمىگەندەك ئىدى. ماڭا قاراپ تۇرغان مىڭلىغان كۆزلەر ئانامنىڭ مېنى ئېمىتكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇنى قۇچاقلىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يۈزلىرىمگە يېقىپ سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەندەكلا قىلاتتى. ئەجەب ئىش، ئۇلار ئالجىغانمىدۇ؟ ھەممە ئادەم خۇددى مۈزلاپ قالغاندەك بىر ئۇقتىدىغا — پەقەت ماڭىلا قاراپ تۇراتتى. بۇ نېمە گەپتۇ؟ مەن بۇنىڭ تېگىدە بىر سىر بارلىقىنى بىلدىم. بۇ جەرياننى شۇنچە ئۇزۇن داۋاملاشقان بولسىمۇ كىشىلەر

خۇددى ئاردىلىقتا بىر سېكۇنتمۇ ئۆتـ
مىگەندەك ھېس قىلىۋاتقاندەك ئىدى.
مەن مەيدانغا كىرىۋاتقاندا ھېلىقى نېگىر
كىرگەن چاغدىكىدەك ئالقىش سادالار ئاڭـ
لانمىدى. مەن نېگىر تەنھەرىكەتچى
كۆتۈرەلمىگەن ئېشتانگىنى بىر كۆـ
چەپلا يېشمىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدىم،
تەنتەربىيە مەيدانىدىكى ھەممە تاماـ
شىبىن يىرتقۇچ ئاپشاركىغا ئايلىنىپ
تەرەپ - تەرەپتىن ماڭا ئېتىلدى. مەن
ئۆزۈمنى قوغدىۋالدۇرۇۋالمىسام بولمايتتى،
بۆرە ئانام ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالـ
غىنىنى بىلىپ بولدۇم. مەن دەرھال
ئۆزۈمنى ئىشىكتىن سىرتقا ئاتتىم. بۇ
يەردىمۇ ئارامچىلىق يوق... ئەتراپـ
تىن قوغلاش نۇرىدا كۆيۈپ قاردىاپ
كەتكەن، نادانلىقتىن پاسىق چىنغا ئايـ
لىنىپ كېتەي – كېتەي دەپ قالغان
ئادەملەر چۇرقىراشتى.

— ھەي! ئىمانسىز جەددىت... كېيىمىڭ قېـ
نى؟... نا... مەھ... رەم... ھا ياسىز...

— ئاكىلار، ئىنىلەر... مەن... مەن...

ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە
ئۇلار ماڭا تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇپ
ھەم چالما - كېسەك ئېتىپ يوپۇرۇلۇپ
كەلگىلى تۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىـ
سىدا بىر نەۋرە تۇغقانلىرىمنى، چوڭ
دادامنى، چوڭ دادامنىڭ چوڭ دادىلىـ
رىنى كۆردۈم. بۇ يەردە ساق قالىدىـ
غانلىقىمغا كۆزۈم يەتمىدى.

ئاھ، بەندىلەر! ئەلەم بىلەن ئۇلۇق-كىـ
چىك تىنىدىم. ئانامنىڭ نېمىشقا بۇلار بىـ
لەن بىرگە ياشىماي، بەدەنلىرىنى تۈك
بېسىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئاھ!
ئىسىت، نېگىرنى يەڭمىسەم بولغانىـ
كەن، باشقا مۇسابىقىلەردە ھەممىنىڭ
ئارقىسىدا قالغان بولسام بوپتىكەن.
مەن ئۇلارنىڭ بەت - بەشىرىسىدىن قورـ
قۇپ كەتتىم. قېچىش، يوشۇرۇنۇش،
بولمىسا...

مەن يېنىمدىلا ئاسمانغا تارتىپ
قويۇلغان ئارغامچىنىڭ تۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ قالدىم. ئەتراپقا شۇنچە تېزـ
لىكتە بىر قۇر قاراپ چىقتىم. بىراق
بۆرە ئانامدىن ھېچقانداق شەپە يوق.
مەن بۇ ياشاش ئۈچۈن ھېچقانداق يول
قالمىغان قاغىش تەگكۈر خارابە شەـ
ھەردىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىـ
لەن خوشلىشىۋېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلـ
لاتتىم. ھەي بوپتىلا، ھېلىمۇ ئانام
مېنىڭ ئۈچۈن ئاز دەرد تارتمىدى.
ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق.
نېمە ئىش قىلسام ئۆزۈم قىلىۋېرىدىـ
غان، شەخسىيەتچىل، زوراۋانلىق، كۆـ
رەلمەسلىك، ھەسەت، ئالدامچىلىق، ھەر
خىل رەزىل رامكىلار نەگە بارسا تەييار
تۇرمايدىغان ئەرشكە چىقىپ كېتىشنى
ئويلىدىم - دە، يېشىل، قىزغۇچ، ئوت
نۇرى يېلىنجاپ تۇرغان ئارقانغا ياـ
مىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدىم. مەن قاتـ
تىق ھەيران بولدۇم، پەشمىغا يېقىنـ
لىشىپ قالغان يۇلتۇزلار مېنى يېقىـ
تىۋەتمەكچى بولۇپ ئارقانى سىلكىگىـ
لى تۇردى. مەن ئۇلارغا ئەجەبلىنىش،
غەزەپ، يېلىنىش، خاتىرجەملىك ئارىـ
لىشىپ كەتكەن گاددىرماچ خىيالار بىـ
لەن دىققەت قىلىپ قارىدىم، ئۇلار
ئەسلىدە ئوخشىمىغان يىناشتىكى بىر
توپ نېگىرلار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىن پوتبول پادىشاھى پېلىنى
تونۇۋالدىم. بىراق مەن ئامېرىكا داڭـ
لىق ناخشىچىسى جامىس جېكسۇننى

شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدىم. ئۇلار مېنى تىرىك يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئىدى. مەن مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالغا قالغاندا داۋاملىق بۆرە ئانامدىن مەدەت تىلەيتتىم. چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن سوراۋالاتتىم. بىراق، ئۇ ھازىر يېنىمدا يوق. ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك بۇ زادى نېمە ئىش، دەپ سورىدىم.

ئەجەب ئىش، شۇنچە ئېگىز ئاسماندا بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا بۆرە ھىدى پەيدا بولدى. مەن ئانامنىڭ ئادەمدىن بۆرىگە، بۆرىدىن ئادەمگە ئايلىنالايدىغان كارامىتى بولغان بىلەن شۇڭقاردەك قانات چىقىرىپ ئۇچقىنىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. لېكىن ئەتراپتىن ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۆرە ھىدى بېشىمنى بىر ئاز قايدۇرۇپ، ئانىدىن سەزگۈ ئەزالىرىمنى غىدىقلاپ تەپەككۇرۇمنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. مەن بىر نەرسىنى پايقاپ قالدىم. ھېچيەردە ئىنسانغا ئاراملىق يوق ئىكەن. مېنىڭ تېرە رەڭگىمنىڭ ئاق بولغانلىقى بۇ يەردە ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇۋاتاتتى. مەن ھەممىنى چۈشەندىم. جىكسۇننىڭ بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن يوق ئىكەنلىكىنىڭ سىرىنى چۈشەندىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ... نېگىرلىقىنىڭ... تېرىسىنى... ئۇلارنىڭ ئارقىنى كۆچەپ سىلكىنىشلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مەن ئۇلارغا:

— بولدى قىلىڭلار، ماڭا ئوزۇن بېرىڭلار. مېنىڭ تېرەم ئاق بولغىنى بىلەن قېنىم سىلەرنىڭكىدەك قىزىل ھەم ئىسسىق، — دەپ ۋارقىرىدىم.

ئۇلار ھەرىكىتىنى توختىتىدىغاندەك

ئەمەس ئىدى. مەن يىقىلىپ كېتەي، يىقىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدىم. ئۇلار خۇددى يەردە پاشىلارغا يېپىلغاندەك خۇشامەت قىلىشقا توغرا كەلدى. ماڭا نېمە بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر يەرگە قارىغاندا، بۇ يەردە ياشاش بىر قەدەر كۆڭۈللۈك دەپ ئويلىغاچقا:

— بولدى قىلىڭلار! تۇغۇلغان ماكانىم تەڭرىتېغى بىلەن قەسەم قىلاي، مۇسا بىقىندىن ئويدۇم، — دەپ ۋارقىرىدىم. قېنىدىن ياۋايىلىق كەتمىگەن بىرتوپ مەلئۇنلارمۇ خۇددى مەن ياشىغان يەردىكى كىشىلەردەكلا گېپىمگە ئىشەنمەي مېنى يىقىتىش ئۈچۈن بولۇشىغا ھەرىكەت قىلىۋەردى.

تۇيۇقسىز يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىگىچە تارتىلغان دار يىقىلدى. مېنىڭ بۇ يەردىن يىقىلغانلىقىمنى سۈنئىي ھەمراھ رەسىمىگە ئېلىۋالغان بولسا، بۆرە ئانام نېمە بولغانلىقىمدىن خەۋەر تاپار، دەپ بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك بولدۇم. بىراق بۆرە ئانام ئامېرىكىغا، فرانسىيىگە، ياپونىيىگە، كەڭ كەتكەن رۇس زېمىنىغا بارالارمۇ؟!

× ×

مەن يەتتە قات ئاسمان ئۈستىگە تارتىلغان داردىن يىقىلىپ نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ تېخى يەرگە چۈشۈپ بولالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ يەرگە، ساق-سالامەت چۈشىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن. مەن كۆكتىن يەرگە ئوق تېزلىكىدە چۈشۈۋېتىپ، يۇرتىمنىڭ ئاق ئىسقا ئايلىنىپ ئاسمان بوشلۇقىغا تاراپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم...

كائىناتتىكى پۈتكۈل شاۋقۇن

كاللامغا كىرىۋالدىمكىن، باش سۆڭىكىم چاك-چېكىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك ئاغرىيتتى. ھېچقانداق نەرسىنى خىيال قىلالمايتتىم...

... ئېسىمگە كېلىپ قارىسام يەرگە چۈشۈپ بولغانىكەنمەن. يەر شارىدىكى قىيا-چىيالار بۇرۇنقىدىنمۇ ئەۋجىگە چىقىپ كېتىپتۇ. بىرىدىنلا بىراۋنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن ئەتراپ قەۋرىستانلىقتەك جىمجىتلىققا چۆمدى. ئەسلىدە ئۇلار مەن ئۆلمەي تۇرۇپ نامىزىمنى چۈشۈرۈۋاتقانىكەن. ئۇلار ماڭا يېزىلغان تەزىيەنامىنى ئوقۇغىلى باشلىغاندا مەن تولۇق ئەسلىمگە كەلدىم. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكۈم كەلدى. لېكىن، ھەممە ئادەم ئۆلدى دېگەن بىر كىشىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى ھايات قالغان ئەرۋاھلارنىڭ مەنتىقىسىگە چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن «ھەقىقەتەن ئۆلگەن بولسام كېرەك» دەپ يېتىۋەردىم. مەن ئەسلىدە قېلىن بىر نەرسىگە ئورۇلۇپ چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلگەنىكەنمەن، قوپاي دەپ ھەرىكەت قىلىپ قانچە كۈچىگىنىم بىلەن بەرىبىر ئەھمىيەتسىز بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم. تەزىيەنامە ئوقۇلۇشقا باشلىدى «...مەرھۇم ئۆلدى. ئۆلۈم ھەممە كىشىنىڭ بېشىدا بار. ئۇنىڭ تېنى ئۆلگىنى بىلەن روھى بىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن شان-شۆھرىتى ناھايىتى زور. بىز بۇنىڭدىن ئاشۇنداق پەرزەنتلەرنى يەنە تەربىيىلەيدىغانلىقىمىزنى كۆرۈۋالدۇق. بۇ ئاللانىڭ بىز بەندىلەرگە كۆرسەتكەن شاپائىتى... ھەممىڭلار ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىنى تىلەپ، جەن-

نەت ئاتا قىلىشىنى تەلەپ قىلغايسىلەر...». مەيداندا بىردىنلا بۆرە ئانامنىڭ ھىدى پەيدا بولدى. بۇ ھىدتا ئاچچىق ئازاب، تېڭىرقاش، بىئاراملىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەن قەبرە بېشىغا ئاياللارنىڭ، بۆرىلەرنىڭ بۇنداق چاغدا كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. تەزىيەنامە ئوقۇلۇۋاتاتتى «... مەرھۇم تېخى ياش تۇرۇپلا 100 ئالتۇن مېدال، 70 كۈمۈش مېدال ئېلىپ مىللىتىمىزگە غايەت زور شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ بىزنى دۇنياغا تونۇتتى. ئەي مۆمىن بەندىلەر، بىز بۈگۈنلۈكىمىزنى ئويلىماي ئۇ دۇنيالىقىمىزنى ئويلايلى! مەرھۇمنىڭ گۇناھىنى ئاللا ئۆزى مەغپىرەت قىلغاي!...» ئاستا-ئاستا بىھوش بولۇشقا باشلىدىم. ئۇلارنىڭ مېنى كۆتۈرۈپ يەرلىككە ئەكىرگەنلىكىنى، ئاخىرىدا يەتتە كەتمەن توپىنى تاشلاپ كۆمۈشكە باشلىغانلىقىنى بىلدىم-دە:

— قېرىنداشلىرىم، مېنى كۆممەڭلار! مەن تېخى تىرىك، سىلەرگە مېنىڭ قىلىپ بېرىدىغان ئىشلىرىم تېخى كۆپ... — دەپ ۋارقىرىدىم. ئاۋازىم بەك چىڭ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاڭلىدى. بىراق ئۇلار تاشقارقى گۆرگە گۇپۇلدىتىپ توپا تاشلاپ، مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىماسقا سېلىپ كۆمۈۋېتىپ كېتىپ قېلىشتى. قىسقىسى ئۇلار مېنىڭ يەنە ياشىشىمنى خالىمىدى.

ھەي دۇنيا، مېنى كىم ياراتقان؟!...

ھەر قانچە ھەپىلەشسەممۇ قەبرىدىن چىقالمىدىم. مەن كۆمۈلگەندىن تارتىپ مىزز دەۋرى، سۆرەلگۈچىلەر دەۋرى، ئومۇرتقىلىقلار دەۋري... ئارقا-ئارقى-




**ئېزىز نۇر**

«نەگە، زادى نەگە؟!...» مەن ئۆز-ئۆزۈمگە نىدا قىلدىم. جىلغىدىن كېلىۋاتقاندەك ئەكس سادادىن بۆلەك ھېچنەرسە يوق، دۇنيادا پەقەت مەن يالغۇزلا مەۋجۇتتەك... جىمى ئالەم پۈتكۈل كائىنات راستىنلا بىر ئادەمگىلا تاشلىنىپ قالغان؟ ئۇ، مەن بىلەن ئەكس سادا ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ناشۇدالىق؟...

جاھاننىڭ ئادىمىزاتسىز، قۇپقۇرۇق بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، ئەمما كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇرغىنى قۇپقۇرۇق دۇنيا.

مەن بىردىن ئۆزۈمنىڭ ئالەمدىكى بىردىنبىر مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم-دە، قورقۇپ كەتتىم، بىرئازدىن كېيىن ۋۇجۇدۇمنى ئاستا-ئاستا سىرلىق شادلىق قاپلاشقا باشلىدى.

ھايات پەقەت ئۆلۈم ئارقىلىقلا ئەڭ زور مەزمۇنغا ئېرىشەلەيدۇ، بەختقۇنچىلىق نەرسىمۇ؟ ئۇ، مەۋجۇدىيەتنىڭ پورەك ئاچقان چېچىكى! شۇنىڭدەك ئۆمۈرمۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈم قۇچىقىدا گۈللىرىم ئېچىلمىغان ھەم ھاياتىم شۇ قەدەر روشەنلەشكەن. مانا بۇ مەن ياشلىقىمدا ئېرىشكەن ھەقىقەتلەر ئىدى.

مەن تېخى ھېلىلا بىر بۇلاقچى شەمشىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، «كۆزۈڭنى ئويىۋالىمەن» دېگەندە قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىدىم. ئەمدى بىلسەم، ئۇ بىر ئەۋلىيا ئىكەن. ئەۋلىيا، قاتىل، دۇنيا. ئۇلار مەندىن، مېنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىمدىن ئەڭ ئېسىلاس، رەزىل نەرسىلەرنى ئاجرىتىۋالماقچى!

مەن بۇنى كېچىكىپ چۈشەندىم ۋە ياۋايى ئادەملەردەك پۈتۈن كۈچۈم بىلەن چىرقىرىغانچە بېرىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدىم. لېكىن ئۇنىڭ قولىدا شەمشەر يوق، قۇپقۇرۇق، ئاھ، قول،

---

دىن تىزىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن قەبرەم ئىچىدە داۋاملىق بۆرە ئانامنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاق ئېچىلىدىغان زىرىق دەرىخىگە ئايلىنىپ مېنى بېقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن. مەن ئۇنىڭ ئەنسىز ھۇۋلاشلىرىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىدىن، دۇنيادا قازاننىڭ قولىقىنىڭ يەنىلا تۆت، جاھاندىكى قارغىلارنىڭ يەنىلا قارا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن.

ئاھ شەمشەر!... قېتىپ قالغان جەسەت.
مەن ئۇنى ئىسسىق ياشلىرىم بىلەن
يۇدۇم.

— ماڭا قاراپ ھەسرەتلىنىۋاتقان كىم؟
مەن مەستخۇش بىر خىل نەپەسنىڭ ھۇ-
زۇرىنى سۈرۈۋاتقاندىن كېيىن، بىر-
دىنلا چۇدۇنۈم تۇتۇپ قالدى —
بۇ ياشقا كەلگەندىمۇ مېنى ئالدا-
ۋاتقان قايسى شەيتان ئۇ؟ — مەن قىز-
نىڭ يەڭگىلگىنە كۈلگەن ئاۋازىنى
ئاڭلىدىم. ھەر كۈنى ئادىتىم بويىچە
كوچا دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ: «كۆز سا-
تىمەن كۆز، كۆز ساتىمەن. ئەرزان كۆز...
ئىنساپ قىلىپ بولسىمۇ ئېلىپ قويۇڭ-
لار، كۆز، كۆز...» دەپ قارىغۇ كۆزۈمنى
بازارغا سېلىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ
قالغانىدىم. قىزنىڭ قولى ئەنە شۇ
كۆزلىرىمنى سىلىدى. كۆزلىرىمدىكى
شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنىڭ ئۇنىڭ ئا-
قانلىرىغا چاپلاشقانلىقىنى سەزدىم.

— مەن سىزنى ھەرگىز ئالدىمايمەن.
ئەزبىرايى خۇدا، سىزنى ئالدىسام،
ئادەم بالىسى بولماي كېتەي!...

— ياق، سەن مېنى ئالدايسەن. مەن-
دەك گۆرنىڭ ئالدىغىلا يېقىنلىغان بىر
قېرىنى نېمىگە كېرەك قىلىسەن؟ ئەمە-
دى بولسىمۇ ئالدىما. بىلەمسەن، مې-
نىڭ پۈتۈن ئۆمرۈم ئالدىنىش بىلەن
ئۆتكەن!...

— ياق، مەن سىزنى ھەرگىز ئالدى-
مايمەن، ئەگەر سىزنى...

ئۇ ئىپەكتەك قوللىرى بىلەن بىر
تەن، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان
تېنىمنى بېرىلىپ سىلايتتى. ئاشۇ قو-
لار ئۇزۇن زاماندىن دەرد - ئەلەم،
ئۈمىدسىزلىك قاراڭغۇلۇقىغا كۆمۈلۈپ
قالغان ئىستەكلىرىمنى ئويغىتىپ، پۈ-
تۈن ۋۇجۇدۇمنى بەختىيارلىق تۇيغۇ-
سىغا سۆرەپ كىرەتتى. پۈتكۈل تېنىم
زەمزەمدە ئېرىپ يىلىكلىرىمگە، تو-
مۇرلىرىمغا باشقىدىن يىلىك، باشقى-
دىن قان سىرغىپ چۈشكەندەك، چەك-
سىز راھەتلىنىش ئىلكىدە ئېلىپ كەت-
تى... قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار توخ-
تىماي تۆكۈلەتتى. مېنىڭ كۆزلىرىم-
دىنمۇ...

بىردىن، قىزنىڭ يۈرىكىمگە قول
سالغىنىنى سەزدىم - دە، ئەندىكىپ كەت-
تىم. قىز مەندىنمۇ بەتتەر ئەندىكىش
بىلەن ئاغزى ھاڭدەك يوغان ئېچىل-
غان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا نېمە
قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ
ئۆز ئېغىزىدەك يوغان ئېچىلغان كۆز-
لىرى شۇنداق سۆزلىمەكتە:

— كۆزىڭىز ماڭا كېرەك. مەن ئالى-
مەن. ئۇ مەندىن كۆتكەن نەرسىڭىگە
نائىل بولالايدۇ. مەنمۇ دەل سىزنىڭ
شۇ كۆزىڭىز بىلەنلا ھايات ياشا...لاي-
مەن. بوۋا، ئاڭلاۋاتامسىز، ئۇنى ياز-
لارغا ھەرگىز بەرگۈچى بولماڭ، مېنىڭ
كۆزۈمگە ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ!

— ئەمدى ماڭا كۆز كېرەك ئەمەس.
مەندە ھېچنەرسە، ھايات - ممات چېگ-
رىسىدا تارتىشقۇدەك ھېچنەرسە قال-
مىدى. قالغىنى پەقەت مۇشۇ كۆز. مەن
ئۇنىدىن ئايرىلسام، مۇرات - مەقسىتىم-
گە يەتكەن بولىمەن. ئاخىرقى ھېسابى-
تا ئۆلۈم ئۇستىدىن غالىب كېلىپ ھە-
قىقىي، مەڭگۈلۈك چىن ھاياتقا ئېرىش-
كەن بولىمەن. قىسقىسى، سىزنىڭكىگە
ئوخشاش ھاياتقا قانمىغان كۆزلەردىن
بەكمۇ قورقىمەن.

— مەنمۇ ئۇنىڭدىن يىرگىنىمەن بوۋا،
جىنىم بوۋا. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن،
كۆزۈمنى ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ، ماڭا
ئوخشاش مەسۇمە بىر قىزنى قۇتقۇزۇپ

قالىسىڭىز، بەلكىم پەرۋەردىگارىم تەلەيىڭىزنى ئىجاۋەت قىلار.

قىز ھەدەپ يىغلىناتتى، يالۋۇراتتى، بۇقۇلداپ يىغلايتتى.

مەن ئەمدى تېتىكلىشىپ قالغانىدەك ياكى ياشلىقىمغا قايتقانىدەك بولدۇم. مەن راستىنلا ياشىرىپ كېتىۋاتقىنىمنى سەزدىم. «ئاھ، تەتۈر پەلەك، مەن ئەمدى ئۆلۈم ئالدىدىن قايتىپ كەلدىم؟ يەنە داۋاملىق كۈلپەت تارتىشقا رەغدىرىم يوق. سۆيۈملۈك ئەزرائىل، نەدە سەن، مېنى قۇتقازا!...»

مەن ئەسەبىيلىشىپ ئۆز - ئۆزۈمنى كاچاتىلايتتىم، بوغاتتىم، ئۈستى-بېشىم تۇگەل قانغا بويالدى.

—مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

مەن قىزنىڭ گېلىنى بولۇشىچە بوغاتتىم. شۇ چاغ قىزنىڭ ئىلاھى تەبەسسۇملىنىۋاتقىنىنى، مېنىڭ بوغۇشلىرىمدىن چەكسىز ھوزۇرلىنىۋاتقىنىنى بايقاپ قالدىم - دە، قوللىرىمنى شاپپىدە تارتىۋالدىم. چۈنكى، شۇ تاپتا مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەستىن ھاياتقا ئالدۇرۇشۇم، تەلپۈنۈۋاتقان ئۆلۈمنى بىمەزگىل بەرمەسلىكىم، بەلكى پانى ئالەمگە تۇتۇپ بېرىپ ئۇزاقراق، پىرخادىن چىققۇدەك ئازابلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلغانىدىم.

بىراق ئۇ ماڭا ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك يېپىشىۋالدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋەتتىم. جىسمىمنىڭ قاندىقتۇر چوڭقۇر بىر يېرى سىرقىراپ ئاغرىۋاتقاندەك بولدى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇ تېنىمدىن ئېرىپ ئاجرالغان مۇزدەك گۈپپىدە يەرگە چۈشۈپ سۇنا يىلىنىپ قالدى...

مەن كوچا دوقمۇشىدىكى قايناق بازارغا كېلىپ سازا قىلىشقا باشلىدىم.

—كۆز ساتىمەن، كۆز...

چار بازارچىلاردىن ھېچكىممۇ خېرىدار بولمىدى، ئادەم دېگەنزى بىرەر رەتمۇ ماڭا نەزەر كۆزىنى سالماي كېتىۋەردى. قارىغاندا، مەن ھاياتلىقتىن مەھرۇم بولغان بولسام كېرەك. راستىنلا شۇنداق بولغىنىدا، مەن ھەقىقىي، چىن ھاياتنى تاپقان بولاتتىم. چۈنكى، ھاياتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۆلۈمدە، مەن ھاياتتىن ئايرىلىش—ئۆلۈش ئارقىلىق ئۆلمەس، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيمەن.

مەن ئاخىرى رايىمدىن قايتتىم— بازاردىكى كىشىلەرنىڭ كۆزۈمنى ئويۇپ ئېلىۋالغىنىدىن ئېلىۋالمىغىنى يەنىلا تۈزۈك ئوخشايدۇ.

سودام ئاقمىغاچ ئەلەم بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغچىغا باردىم. بۇ يەردە ھېلىقى قىزنى ئۇچراتتىم. ئۇنى كۆرۈپ مېڭەم قېپىدىن بىراقلا چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدىم دەپ ئويلىغانىدىم. ئاھ، ئۇ پەرىشتىمۇ ياكى ئىلاھە؟... ئالاي يىللاردىن بۇيان ئۇ قىزنى پەقەت تەجەللا ئۆز قوينىدا يوشۇرۇپ ساقلاپ كەلگەن. ساداقەت! مەن ئۆزۈمگە تالىق ئەڭ ئاداقى ساداقەتكە مۇيەسسەر بولغانىدىم. بىر ئەسىر ياشاپ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم سادىق روھنى كۆردۈم. ئاھ، خۇدا، ئۇ ئەسلىدە ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟!... ھايات، قاتمۇقات قارا تۇمانلار چوڭقۇرىدا يېلىنجاۋاتقان چوغ.

—سىز مېنى قۇتقۇزدىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، سىز بولسىڭىزمۇ ھايات قېلىڭ.

ھايات، ئاھ سەن ئاخىرقى ئىڭراش، ئىڭراش!... پۈتكۈل جاھاننى لەرزىگە سېلىپ بار ئاۋازىم بىلەن شۇنداق ۋارقىرىغۇم كەلدى.

ئۇ ئاستا-ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئويغانغانىدى. ئادەم ئازاب تۈپەيلى سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدىلا چۆچۈپ ئويغىنىدۇ. ۋەھىمە، ئۆلۈم ئۆلمەس نىجاتكار! بىراق، نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئويغىنىشىدىن قورقۇپ قالدىم. بەلكىم، ئۇ ئويغىنىپ، تېخىمۇ ئۇزاق ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك ئىڭراشقا مەجبۇر بولار.

قورقۇنچ ئەتراپىدا مەھەللىيالىق ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ئىشىنىمەنكى، مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ھەتتا ھەر قانداق ئادەمدىنمۇ ئۇزاق ياشىيالايمەن. شۇڭىسى، بۇنىڭ ئۆزى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق!

—مەن سىزگە ئۆز بەختىمنى سوۋغا قىلىمەن دەپ، سىزنى بەختسىز قىلىپ قويۇپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ. مەن چۆكۈۋاتقان پاراخوت، مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولماڭ!

—سىز كىم، زادى كىم؟ بەلكىم پەرىزات، مېنىڭ پەرىزاتىم. مەن سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، ئاۋۋال مېنى...

مەن ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغانىچە ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويدۇم.

—مەن ھېچكىم ئەمەس، ھېچكىم...—ئۇ يەنە ئاللىنېمىلەرنىدۇر دېدى، لېكىن نېمە دېگىنىنى ئاڭقىرالمىدىم.

ئۇ كىم، زادى كىم؟ ھېچكىم ئەمەس؟!...

مەن خىيالىمدىن باش كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم، ئۆزۈمدىن بۆلەك ھېچكىم يوق. مەن قاراڭغۇ تۈننىڭ تېنىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىتتىك-ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ئالغا يۈگۈردۈم.

---

جېنىمنى ئالىدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە ئېلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىم.

ئەتىسى مەنمۇ ئىدارىگە باردىم. كىنىشكا-پىنىشكىلارنى باشلىقىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىدارىدىن چىقىپ كەتتىم. يەنە شۇ كۈنى شەھەرنىڭ باشقا بىر چېتىدىن ئۆي تېپىپ ئانامنى ئېلىپ كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. سىرتتىن ئىش تېپىپ ئىشلىدىم. كۈنۈم قەدىر-ئەھۋال ئۆتۈپ تۇردى. لېكىن بىچارە ئانام دېگىنىدەك كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. داۋالاشلار كار قىلمىدى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ بىر-ئىككى ئاي ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى. يىغلىدىم، قاقشىدىم، كۆمۈپ قويدۇم. راستىنى ئېيتسام ئانام ۋىجدان ئازابىدىن ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن بىزنى مەن قايسى يۈزۈم بىلەن قانۇن ئورگىنىغا، كىمگە ئېيتالايمەن؟ ئائىلىمىزنىڭ شان-شەرىپىگە، مېنىڭ كىشىلىك ئىززەت-غۇرۇرۇمغا مۇناسىۋەتلىك بۇ نومۇسلۇق ئىشنى ئالەمگە يېيىشنى خالىمىدىم. بىز جاھاندا كىرەمگە ئوخشاش يەنە قانچىلىغان ئىككى يۈزلۈك قارا نىيەت مەلئۇنلار پۈرسەتپەرەسلىك بىلەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىخارامان يۈرۈشۈۋاتىدىغاندۇ-ھە؟!...

دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى پىشىق نەمۇنىلەر

# ئانا باز

**سانجون پېرس** [فرانسىيە]

**مۇھەررىردىن:** سانجون پېرس (1975 - 1881) فرانسىيىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم شائىرلىرىنىڭ بىرى. 1960 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. دۇنيادا سانجون پېرسنىڭ تەسىرىگە ئاچىرغان، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ شېئىر يېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان شائىرلار بىر مەزگىل ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتكەن. ئۇنىڭ نەسرىي شېئىرلىرىدا مۇزىكىلىق رىتىم كۈچلۈك، تىل بەلگىلىرى ۋە تىل مەنىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە كىرىشكەندىكى ئۆزگىچە مەنا قاتلىمى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆزگىچە سىرلىق تىل ئالىمىگە ئايلاندۇرۇپ، شېئىر تىل قۇرۇلمىسىدىكى يېڭىلاشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. خۇددى رەسسام رەڭ بوياقلارغا يوشۇرۇنغان ھېسسىياتنى جانلاندۇرغاندەك سانجون پېرسمۇ تىل قاتلىمىدىن ئۆزگە خاس سەنئەتلىك قۇرۇلمىلارنى قېزىشقا تىرىشقان ۋە بۇ ئارقىلىق دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ تىل قۇرۇلمىسىغا ھەممە ئېتىراپ قىلغان يېڭىلىقنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرچىدا بىخانلىرىنىڭ دىققىتىگە ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «ئانا باز» (مەنىسى: «ئىچكىرىگە يۈرۈش») نى سۇندۇق.

## ناخشا

مىس تاختىلار ئاستىدا تاي تۇغۇلماقتا ئىدى. كىمدۇر بىرى ئالقىنىمىزغا ئاچچىق ئۇرۇقلارنى قويماقتا. يوچۇن ئادەم. ئۇ ئۆتمەكتە ئىدى. مانا، مەن ئىزدىگەندەك، ئۆزگە ئىقلىملاردىن چۇقان ... «يىل دەرەخلىرىنىڭ بۈيۈكى ئاستىدا، ئەي قىزىم، سېنى ئالقىشلايمەن».

× × ×

چۈنكى قۇياش شىر بۇرجىغا كىرمەكتە، يوچۇن ئادەم ئۆلۈكلەر ئاغزىغا بارمىقىنى سالماقتا. يوچۇن. ئۇ كۈلمەكتە ئىدى. بىزگە بىر گىياھتىن سۆز ئاچماقتا. ئاھ! شاماللارنىڭ سوقۇشى ئىقلىملاردا نېمىدېگەن كۆپ! يوللىرىمىز باياشات بولغاي، سۆزناي ماڭا شادلىق ئاتا قىلغاي، قانات ئاشكارىلىقىدىكى چېنىقتۇرۇلغان پەي!... «ئەي روھىم، ئەي سەن بۈيۈك ئايال. سىلەرنىڭ بىزگە يات ئۇسلۇبلىرىڭلار بار ئىدى».

× × ×

مىس تاختىلار ئاستىدا تاي تۇغۇلدى. بىرى ئاچچىق ئۇرۇقلارنى بىر كىشى قوللىرىمىزغا قويدى. يوچۇن ئادەم. ئۇ ئۆتمەكتە ئىدى. مانا، مىس دەرەختە بۈيۈك چۇقان. قىزىللىقلار ۋە گۈللەر، ناخشا ئامىتى! ئۆيلەردە گۈلدۈرماما ۋە سۆزنايلار! ئاھ!

يوللىرىمىزدا نۇرغۇن باياشاتلىق، ئاھ! يىل ھەققىدە نۇرغۇن چۈچەكلەر، بارلىق
زېمىن يوللىرىدا يوچۇن ئادەم خالىغانچە يۈرمەكتە!... «يىلدىكى ئەڭ گۈزەل
لىباس ئىچرە ئالقىشلايمەن سېنى، ئەي قىزىم».

## 1

يىلتىزلىنىپ ئەزىزلىنىپ، ئۈچ چوڭ ئوما پەيتىدە، شەرىئىتىمنى تەسىس
قىلغان زېمىن بىلەن مۇبارەكلەندىم.

دېڭىز ۋە قوراللار سەھەردە گۈزەل.

ئاتلىرىمىزغا تاشلاپ قويۇلغان، بادام ئۇنىمەس زېمىن بىز ئۈچۈن بۇ
چىرىشىنى بىلمەس ئاسمان مەرتىۋىسىدە. قۇياش تېخى ئاتالغان ئەمەس،
بىراق، كۆچى ئارىمىزدا،

سەھەردە دېڭىز گوياكى روھ تەسەۋۋۇرى.

ئەي سەن كۈچ، قاراڭغۇ يوللىرىمىزدا كۆيلىگەنىدىڭ!...... سەھەرنىڭ
پاك قىزىل بېلىقلىرى ئارا، بىخىمىز بولغان چۈش ھەققىدە نېمە بىلىمىز؟

ئاراڭلاردا، يەنە بىر يىل! ئەي ئۇرۇق خوجايىنى، ئەي تۈز خوجايىنى،
دۆلەت توغرا مىزاندا! يەنە بىر قىرغاق ئۈستىدىكى ئاۋامنى چاقىرمايمەن،
زادى. تاغ ئېتەكلىرىدە مارجان شېكىرىدە قۇرۇلىدىغان شەھەرسىمان بۈيۈك
رايونلارغا زادى پىلان سىزمايمەن. بىراق، مېنىڭ ئاراڭلاردا ياشاش پىلانىم بار.

بارلىق شان-شۆھرەت چېدىرلار بوسۇغىدا! كۆچۈم ئاراڭلاردا! تۈز كەبى
ساپ پىكىر ئۆزىنىڭ مەۋقەلىرىنى كۈندۈزگە تىكلىمەكتە.

× × ×

... چۈنكى، چۈشۈڭلار شەھىرىگە ئارىلىشىپ يۈرگەن ھالدا ئىدىم، شامال
ئىلكىدە تىكەندىن ياسالغان ئاتەشتەك، ئاراڭلاردا كۆپ تەكرارلانغان، كۆرۈن-
مەيدىغان، بۇ پاك روھىم ئارىلىشىشنى قاقاس بازارلاردا ئۈچۈرگەن ھالدا ئىدىم.

ئەي سەن كۈچ، پارلاق يوللىرىمىزدا كۆيلىگەنىدىڭ!...

«بارلىق روھ تىغلىرى تۈز لەززىتىدە ... رىغبەتكە ئۆلۈك ئېغىزلارنى
تۈز بىلەن يالقۇنجىتىمەن!»

«كىمىكى ئۇسسۇزلۇقنى ئۇلۇغلاپ، جەڭچى قالپىقىدا قۇم سۈيىنى ئىچمىسە،
روھ مۇناسىۋەتلىرىدە مەندىن تولىمۇ ئاز ئامەتكە ئىگە بولغۇسى»...

(قۇياش تېخى ئاتالغان ئەمەس، بىراق، كۆچى ئارىمىزدا)

ئەي قەۋم، ئەي بارلىق تۇزان ۋە يۇسۇنلار كىشىلىرى، بۈيۈك سودا ۋە
بوش ۋاقىتلار كىشىلىرى، ئۇشبۇ مەرتىۋىلەرنىڭ ئېسىدە ئەھمىيىتى تۆۋەن ئەي
ئاۋام، ئەي جىلغىلار ۋە تۆپىلىكلەر كىشىلىرى، ساھىللىرىمىز ئەجەلىدە بۇ دۇن-
يانىڭ يۈكسەك قايىلىرىغا خاس كىشىلەر، سىلەر ئۇرۇقلارنى ۋە ئالامەتلەرنى
پۈراپ قالغانلار، غەربتە شامال سوقۇشنى ئېتىراپ قىلغانلار، ئەي سىلەر ئىز

چۈشكەن يەرلەرنىڭ ۋە پەسىللەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، تاغنىڭ كىچىك شامىلىدا لاگېرلارنى يىغانلار، ئەي دۇنيا پوستىدا بولاقلارنى ئىزدىگۈچىلەر، ئەي ئىز-دىگۈچىلەر، ئۆزگە جايلارغا سەپەر قىلىشقا سەۋەبلەرنى تاپقانلار.

سەھەردە، دۇنيا تۈتۈنىدە ئېگىز ساڭگىلاپ تۇرغان پادىشاھلىقلار ھەمدە ئۆلۈك سۆلار بىشارىتىدە، زېمىن قىرغاقلىرىدىكى سۈرگۈنگاھ ناغرىلىرى قۇملار ئۈستىدە ئەسنەۋاتقان مەڭگۈلۈكنى ئويغىتىۋاتقان چاغدا، بۇندىنمۇ ئارتۇق تۈز سودىسى قىلالمايسىلەر.

× × ×

... پاك لىباس ئىچرە ئاراڭلاردا، شۇندىقلا، يەنە بىر يىل، ئاراڭلاردا.
«دېڭىزلاردا شان - شۆھرىتىم، كۆچۈم ئاراڭلاردا!»

پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تەقدىرلىرىمىز ئۈچۈن ئۆزگە ساھىللاردىن بۇ شامال، دەۋر چاقىنىشى مىزانلار بىلەكلىرىدىن كۆتۈرۈلمەكتە، زامانىنىڭ ئۇرۇقلى-رىنى ئۆزنىڭ كەينىگە يۆتكىگەن ھالدا......»

مۇزلانغان تۈز چۆللىرىگە ئېسىلىپ قالغان ماتىماتىكىلار! چېكەمنىڭ قە-سىدە ھۇقىملاشقان نازۇك سەزگۈر نۇقتىسىدا، مەڭگۈلۈك سۇ ئاستى كېمىلىرىنى سۆرەيدىغان پاراخوتلىرىمىزنىڭ لەڭگەردىستانىدا ئەڭ ھۇزۇرلۇق بۇ ناخشىنى، پۈتۈن خەلقلەرنىڭ بۇ ناخشىسىنى يازىمەن!

2

تونۇشلۇق دىيارلاردا، چىڭقى چۈش پەيتى، چېكەتكىلەر ئارىلاشقان يۇرتلار-دا، بۈيۈك سۈكۈنات بولىدۇ.

يۈرمەكتىمەن، ئېگىز تاغ قاپىملىرى ۋە كەسلەنچۈك چۆپى يۇرتلىرىدا يۈرمەكتىمەن، ئۇنداق ئۇلۇغلار كىرلىرى قۇرۇتۇلۇشقا قويۇلىدۇ.

قارامتۇل كۆلرەڭ قوش لېنتىلىق، كەشتىلەنگەن، خانىش كۆڭلىكىدىن ئۆتىمىز (ئاھ! ئاچچىق - چۈچۈك ئايال بەدىنى كۆڭلەكنىڭ قولتۇقىنى داغلاشقا ئەجەب ئۇستا!)

ئوچۇق رەڭ قوش لېنتىلىق، كەشتىلەنگەن، خانىش قىزى كۆڭلىكىدىن ئۆتىمىز (ئاھ! كەسلەنچۈك تىلى قولتۇقتىن چۈمۈلە تۇتۇشقا ئەجەب ئۇستا!)

كۈندۈز بىر ئەركەكنىڭ ئايال ۋە ئۇنىڭ قىزى ئۈچۈن يانغىنىدەك ئۆتمەس، بەلكى.

ئەي ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستا كۈلكىسى، بۇ مېۋىلەر بىزگە سويۇلسۇن! ...
نېمە؟! دۇنيادا ياۋۇز قىزىلگۈل كەينىدە نېمەت قالمىدىمۇ؟

دۇنيانىڭ بۇ ئەرنىپىدىن، سۆسۈن رەڭلىك بۈيۈك رەزىللىك سۆلار ئۈستى-دە كېلىدۇ. شامال سوقماقتا. دېڭىز شامىلى... يېيىلغان كىر تىتما - تىتما تىتىلغان ھاۋالىتا پىقاقتەك ئۇچۇشماقتا......

### 3

ئارپا ئورۇشقا كەتمەكتە كىشى. كىمكىنا ئۆگزەمدە شىددەتلىك سۆزلىگەن؟! مانا بۇ پادىشاھلار، ئىشىكىمدە ئولتۇرۇشار، باش ئەلچىمىز پادىشاھلار داستىخانىدا. (ئورۇقلىرىمغا ئېغىز تەگكەيلەر!). مىزانلار ۋە كۇرەلەر تەكشۈرگۈچىسى ھەر تۈرلۈك ھاشاراتلار توپى بىلەن مۇبالىغە ئېقىنلىرىدا تۆۋەن چۈشمەكتە.

ساقلىدا پاخال چاچقۇندىلىرى.

كۆزىمىزدىن يوقال! سەندىن ھەيران بولماقتىمىز؛ ئەي قۇياش! بىزگە مۇشۇنداق يالغان گەپلەرنى قىلدىڭ! ... ئەي سەن پىتنە تارقاتقۇچى، جېدەل چىقارغۇچى! ئەي سەن شەرمەندىلىكلەر ۋە ئاھانەتلەردە غىزالانغۇچى، ئەي سەن ئويۇپ تاشلىغۇچى! پارتلىتىۋەت قارىچۇقلىرىمنى! ھاك كۆزكەملىكى ئاستىدا قەلبىم خۇشال سايرىماقتا، قىزىشقاچ كۈيلىمەكتە: «ئەي قېرىلىق!» دەريالار ئۆز ئېقىنلىرىدا گويا خوتۇنلار چۇقانلىرىدەك، بۇ دۇنيا قۇربانلىق قويىنىڭ تېرىسىدىن ئارتۇق گۈزەل!

مانا، تامىرىمىزدىكى بۇ قەغەزلەر تارىخى تولىمۇ كاسكى، چۈشلەردىكىدىنمۇ ئارتۇق پاك سۇغا شۈكرى، ئاگا شۈكرى، چۈش ئەمەستە چۈنكى ئۇ! روھىمىدىن يالغانچىلىق تېشىپ تۇرار، گويا بايان تالانتىدا يېنىك كۈچلۈك دېگىز كەبى! مېنى ئۆتكۈر پۇراق قاپلىماقتا. شەيئىلەر ھەقىقىتى ئۈستىدە گۇمان قوپماقتا. ئەگەر كىمىكى بۇ يەردە ھەسرىتىدىن شادلانسا، خالايىققا سازايى قىلىنسۇن! مېنىڭچە ئۇ ئۆلتۈرۈلسۇن، بولمىسا بىز ئىسيان يۈز بېرىدۇ.

تېخىمۇ ياخشىراق ئېيتقاندا: بىز سېنى، ئەي بايانچى، سانائىسىز پايدىمىزدىن ئاگاھلاندۇرىمىز. بوغۇزلاردىكى ئاچىز دېڭىزلار شۇنچە قورۇنغان بىرەر قازىنى زادى ئۇچراتمىغان. شاراب ھاياجانلاندۇرغان، قارا چىۋىنگە تولغان ئۈۋۈدەك غوڭۇلدار زەربەست يۈرەك كۆتەرگەن ئادەم مۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا تەگىشلىمەكتە: «گۈللەر، قىزغۇچ شادلىق: زېمىن رىغبىتىم ئۈچۈن كەڭرى، كىم بۇ ئاخشام زورلۇق بىلەن ئاگا چەكلەر قويغۇسى؟ ... ھېكمەتكارنىڭ قەلبىدە زوراۋانلىق، كىم بۇ ئاخشام ئاگا چەكلەر بېكىتكۈسى؟ ...» پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، كەمبەغەل كىشى، چۈشلەر ۋە ئالامەتلەر ھاكىمىيىتىدىن ئۆرلىمەكتە.

تاپانلاردا سېرىق رەڭ پەيدا قىلغان ھالدا، ھەر بىر ئىرىق خەلقلىرى ماگىنىدىغان يوللارنى ئېچىڭلار: شاھزادىلەر، ۋەزىرلەر، بادام ئاۋازلىق سەردارلار، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلار، چۈشتە ئۈنى-بۈنى كۆرگەنلەر ...... خوتۇنلارنىڭ ھايۋاناتلارغا بولغان مەيلىگە قارشى، موللىتاپىقاق ئۆز قانۇنلىرىنى بېكىتتى. تىلشۇناس مۇنازىرە ئورنىنى ئوچۇق ھاۋادا تاللىدى. گۈزەل مەخمەلدىن تىكىلگەن يېڭى كىيىمنى كونا دەرەخكە ئاستى سەيپۇڭ. جىنسىي كېسەلگە گىرىپتار كىشى سۆزۈك سۇدا كىيىملىرىنى يۇماقتا. ئورۇق كىشىنىڭ ئېغىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆز ئورنىدا پۇرايدۇ كېمىچى، بۇ پۇراق ئاگا شۇنچە مېزىلىك.

ئارپا ئورۇشقا چىقالماقتا كىشى. مېنى كۈچلۈك پۇراق چۇلغىماقتا، «جابال» دىكىدىن تىنىق بۇ سۇ باشقا دەۋرنىڭ غۇلغۇلىسىنى پەيدا قىلماقتا... پەيىنەك-باش يىلنىڭ گۈزۈن بىر كۈنى، قەدەملىرىمگە كۈچلۈك ئەگىشىپ كەلگەن كىملەكىنى بىلمەي، چىم ئاستىدا توپىنى كۆيلەيمەن. قۇم، سېيدۈك ۋە زېمىن تۈزى ئاستىدا يېتقان مۇردىلاردىن، مانا، قۇشقاچلارغا دېنى بېرىلگەن باشقىسىمان نەرسە چىقماقتا. روھىم، ئۆلۈم دەرۋازىلىرىدىكى بۈيۈك چۇقانىدا تۇنىمەكتە روھىم.

— بىراق، شاھزادىگە ئېيتقىن جىمىقسۇن: تۆلپارنىڭ بۇ باش سۆڭىكى ئارىمىزدىكى تىغ ئۇچىدا!

## 4

مانا بۇ دۇنيا پويىزى، ئاڭا نىسبەتەن مەندە پەقەت ياخشى گەپلا بار — شەھەر ئاساسى. تاش ۋە مىس. تاگدا يانتاق ئاتەشلىرى ئوبۇرنى ۋە سەنەملەر تېكتىدەك مايلاشقان بۇ بۈيۈك يېشىل تاشلارنى يالىڭاچ يېرىگىچە باياقماقتا. تۇتۇنىمىز تەگكەن دېڭىز يولۇچىسى زېمىننىڭ ئۆز پەللىسىگىچە شەكلىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆردى. (دېڭىز ئۈستىدە بۈيۈك چىم يانغىنلىرى ۋە تىرىك سۇلارنى تاغقا سۆرەش ئىشلىرى كۆرۈنمەكتە).

مانا مۇشۇنداق تىكلىنىپ شەھەر، سەھەر پەيتىدە پاك بىر ئىسمىنىڭ لەۋ هەرپلىرى ئاستىغا قويۇلدى. تۆپىلىكلەردىكى چېدىرلار يوقىماقتا! دۇنيا ياشلىقىدا بىزدەك يالاڭباش، يالىڭاياق، ياغاچ راۋاقلاردا تۇرغانلارنى نېمە كۆلكىگە قىستايدۇ، بەلكى بىزنى ئورۇندۇقلىرىمىزدا نېمە كۆلكىگە قىستايدۇ، قىزلار ۋە خېچىرلار پاراخوتتىن چۈشۈۋاتقان شۇ پەيتتە؟

نېمە دەيمىز، سۈبھىدىن باشلاپ، نىقابلار ئاستىدىكى بۇ پۈتۈن خەلق ھەقىقىدە؟ — بوغداي ئىمپورتلىرى! ...... ئاسماننىڭ ئاق تاۋۇسى ئاستىدا توساقتىن ئۆتكەن، «ئېلىيون» دىن يۆكسەك يەلكەنلەر ئۆلۈك ئېشەك لەيلەپ قالغان بۇ ئىشسىزلىق نۇقتىسىدا توختىماقتا ئىدى. (ئۆزىنىڭ ھاۋانى سۈيىدە يانچىلىپ كەتكەن چېكەتكە رەڭگىدەك ۋە تەقدىرسىز بۇ ئۆلۈك دەريا مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش — مانا بۇ مەسىلە).

تۆمۈرچىلەر ئۆزگە ساھىلدا بۈيۈك سوغۇق چۇقان ئىچرە ئۆز ئاتەشلىرىگە خوجا. قامچا قاسلىرى يېڭى كوچىلاردا ئېيتىلمىگەن كۈلپەت ئىدىشلىرىنى بوشاتماقتا. ئەي خېچىرلار، ئەي مىس قىلىچ ئاستىدىكى زۇلمەتلىرىمىز. تۈگۈلگەن ئالقانىدىكى قۇياشلىق تۆت باش سۆزۈك ئاسمانغا تىرىك بىر شاخ ئورناتماقتا. پاناھگاھ قۇرغۇچىلار بىر دەرەخ ئاستىدا تۇرۇشماقتا، يەرلەرنى تاللاش ئۈستىدە ئويلاشماقتا. قۇرۇلۇش نېمە، غايىسىچۇ، بۇنى ماڭا ئۆگەتەر ئۇلار: شانلىق ئالدى كۆرۈنۈش، گاچا ئالدى كۆرۈنۈش، قاتتىق قىزىل توپا راۋاقلار، قاراتاش كاردورلىرى، كۆتۈپخانىلار ئۈچۈن سۈزۈك سايە كۆللىرى، دورا-ئوكۇللار قويۇلىدىغان يېڭىچە قۇرۇلۇشلار. ئاندىن كېلەر ئاچقۇچلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان بانكىرلار.

كوچىلاردا يالغۇز بىر كىشى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ساناسىز چېكىسىگە سىزىۋالغانلار ھەققىدە يالغۇز ناخشا ئېيتىشقا باشلىغانىدى. (ئەخلەتلىك بۇ مەھەللىدە ھاشارەتلارنىڭ شىرىلداشلىرى داۋاملىق!). ئۆزگە ساھىل كىشىلىرى بىلەن قۇرغان كېلىشىملىرىمىز، كوزىلاردا بېرىلگەن سۇ، پورت ئىشلىرى چەۋەندازلىرىنىڭ نېسىۋىلىرى، ئۆز ھەقلىرىگە بېلىق ئالغان شاھزادىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە سىلەرگە سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا زادى ماجال يوق. (مايمۇنلار ئۆلۈمىدەك ھەسرەتلىك قىزچاق — ئۇلۇغۋار ھۆسنىگە باي تۇنجى سىڭىل — بىزگە ھالرەڭ يىپەك ئاياغدا قوش تەقدىم قىلىشۋاتقانىدى.)

... تەنھالىقنى دەيمۇ! بۈيۈك دېڭىز قۇشقىچى تۇغقان كۆپكۆك تۇخۇم. سەھەردىكى دېڭىز قولتۇقلىرى ئالتۇن لىمون بىلەن تولغان — ئۇ تۈنۈگۈن بولغان ئىش! كەتتى قۇشقاچ.

ئەتە تويلار، ۋاراڭ-چۇرۇڭلار، ئەسىرلىك دەرەخلەر تىكىلگەن كوچىلار ھەممە يوللار ئىدارىسى تاغدا ئۆلۈك خورما دەرىخىنىڭ بۈيۈك پارچىلىرىنى ۋە بۈيۈك قاناتلار چېقىملىرىنى توشىماقتا ... ئەتە تويلار، پورت ھاكىملىرى سايلىمى، شەھەرنىڭ چەت رايونلىرىدا مۇزىكا-تەڭكەش، بورانىنىڭ ئىللىق باغرىدا شۇدەم بۇ سېرىنق شەھەر.

سايىگە تولغان ھەممە ئۇنىڭ قىزلىق شارۋاللىرى دېرىزىلەردە.

... ئۇچىنچى ئاي تولۇنلىقىدا، دۆڭلەر چوققىلىرىدا تۈنىگەنلەر توقۇلمىلىرىنى يىغىشتۇرماقتا. قىزلاردا كۆيدۈرۈلمەكتە ئايال بەدىنى: بىر كىشى قۇملۇق ئېغىزىغا ئىلگىرىلىمەكتە — ئاتىسىنىڭ كەسپى: ئەينەك قۇتىلار سودىگىرى.

5

يىراق ئىشلارغا ئارىلاش روھىم ئۈچۈن، شەھەرلەردىكى يۈزلىگەن ئاتەشلەرنى كۆچەيتمەكتە ئىتلار ھاۋشىشى ...

تەنھالىق! قوللانغان ئۇسۇللىرىمىزنى يوچۇن ھەممىلىرىمىز كۆيلىمەكتە ئىدى، ئەمما ئۆيلىرىمىز ئۆزگە سېپىللار يېنىدا ئايلانماقتا:

«بىزاۋغا كۆتكىن دېمىدىم ھەرگىز ... پاك شەكىلدە ھەممىگىلارغا تەپرەتلىنىمەن ... سىلەر بىزدىن خۇلاسىلىغان بۇ ناخشىغا نېمە دەيسىلەر؟!»

ئۆلۈك دېڭىزلارغا ئاپىرىلىدىغان، ئەي تەسەۋۋۇردىن قۇرۇلغان خەلق ئەخمەقلىقى، قەيەردە تا پارسەن كۆزلىرىمىزدى يۇيار بولغان تۇنىسمان سۇنى؟

تەنھالىق! ... دۇنيا قىرغىقىدا يورۇشمەكتە بىر توپ يۇلتۇزلار، كۆنگەن ئۆي سەييارىسىنى ئاشخانىلاردا ئىستىبلا قىلىشماقتا.

بىرلەشكەن ئاسمان شاھلىرى ئۆگزەمدە ئۇرۇش ئېلىپ بارماقتا، ئۇلار، يۈكسەكلىكلەر خوجايىنلىرى سۈپىتىدە، لاگىرلىرىنى ئۆگزەم ئۈستىگە قۇرۇشماقتا.

كېچە سەلكىنلىرىگە جۆر بولۇپ، يولغا تەنھا چىقاي، چاقچاقچى شاھزادىلەر ئارا، «بىيالىمە» نىڭ چۇشۇشلىرىدە! ......

ئۆلۈك قىزلار قىزدىللىقىغا جىمجىت قوشۇلغان روھ! كۆز قاپقىمىز بىزگىز بىلەن تىكىلگەن، كىرپىكلىرىمىز ئاستىدا ئۇلۇغلانسۇن كۆتۈش!.

تۈن ئۆز سۈتىنى تەقدىم قىلماقتا، ئۇبدان ھەزەر ئەيلەنسۇن ئۇندىن! يەدخەجىنىڭ لەۋلىرىگە ھەسەل بارماق يانداش قويۇلسۇن:

«... ئەي ئايال مېۋىسى، ئەي «سەبا» قىزى!...» كەم مۆتىدىل روھقا يۈز ئۆرۈپ، تۈنىنىڭ ۋابالىق ساپ پۇراقلىرىدىن رىغبەتلىنىپ، چۈش پاتالىيىتىگە قارشى ھالدا پىكىرلىرىمنى يۆكسەلدۈرىمەن، سەھەرنىڭ تەمسىز پۇرىقىدا ياۋۇز غاز بىلەن بىرگە ماڭىمەن!...

— مانا! دېدەكلەر مەھەللىسىدە يۇلتۇز قاراڭغۇلاشقان ئاشۇ چاغ، يېڭى تىڭلارنىڭ قومۇلۇقتا ياز چاقماقتا شلىرىنى قوغلىشىنى بىلگەن بولارمىدۇق؟ «رىۋايەت قىلغانىدىنىڭ، ئەي تاڭ...» ئۆلۈك دېڭىزلار ساھىللىرىدا تەرەت! بىپايان پەسىلدە يالىڭاچ ئۇخلىغانلار زېمىن ئۈستىدە كۆپلەپ قوپۇشماقتا — سەپ-سەپ بولۇپ قوپۇشماقتا، ۋارقىراشماقتا.

نېمە دېگەن بىخوت بۇ دۇنيا!... سېرىق نۇردا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتار چال، تىرنىقىنى تىرەپ يەرگە كىرىلمەكتە ئايال، تېنى چاپلاشقاق تاي ئۆزىنىڭ ساقاللىق ئېڭىكىنى كۆزىنى ئويۇۋېلىش تېخى ئېسىگە چۈشمىگەن بالىنىڭ قولىغا قويماقتا......

«تەنھالىق! بىراۋغا زىنھار كۆتكىن دېمىدىم... بۇ يەردىن كېتىمەن ئەگەر خالىسام......» — يېڭى ئۆيلىرىدا بېزەلگەن شۇ يوچۇن ئادەم سۆكۈنات يوللىرىدا ئەتراپىغا يەنىلا قوشۇن يىغماقتا: ئۇنىڭ كۆزلىرى شۆلگەيگە تولغان، ئۇندا ئىنسانىي جەۋھەر قالمىدى. زېمىن ئۆزىنىڭ قاناتلىق دانلىرىدا سەپەر قىلماقتا، گويا شائىر ئۆزىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا سەپەر قىلغانىدەك......

## 6

مەيىن كەبى روماللارغا ئورالغان ئەتىرلىك قىزلىرىمىز بىلەن بىرگە، بۈيۈك ھەربىي ھۆكۈمەتلىرىمىزدە باتۇرلارچە، قۇردۇق يۈكسەك جايىدا سائادەت ئوردىسىنى.

مولچىلىق ھەم باياشاتلىق، سائادەت! «مېمنۇن» كەبى كۆيلەشكە قادىر بولسا ئەينەك، ئۇندا بىزنىڭ قەدەھلىرىمىز قالغانىغا قەدەر......

رەستىلەرنىڭ بۇرجىكىدە، چاقماقلاردىن پۈتۈلگەن ئۇرۇشنى ئېزىقتۇرغىنىمىزدا، دېدەك قىزلارنىڭ قولىدىكى ئالتۇن تاۋاقلار دۇنيانىڭ چەت جايلىرىدىكى قۇملار ھەسرىتىنى ئورىماقتا ئىدى.

ئاندىن، بولغانىدى غەربتە شامال يېلى، قاراتاشلاردىن قوپۇرۇلغان ئېغىر ئۆگزىلىرىمىزدە قاينام شادلىقىغا تارتىشىپ ماڭغان يەلكەنلەردە تولۇق ئىرادە. گۈزەل زامانغا ماس ئاپەتلەرنى تىغلىرىنىڭ تەرەپلىرى بىلەن باققان، نۇرلۇق كۆسەيلەر تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان، دېڭىزسىمان كاللىلىق چەۋەن-

داۋلار دېڭىزلارغا يالقۇنلۇق خەۋەرلەرنى يايماقتا:

چوقۇم! ئاۋام ئۈچۈن بىر تارىخ، ئاۋام ئۈچۈن قۇۋۋەت ناخشىسى، گويا، تۆمۈر دەرەختە قايىنام تىترىشىدەك! ...... ئۆزگە قىرغاقلاردا ئاتا قىلىنغان شەرىئەتلەر، ئەيشى-ئىشرەتلىك خەلقلەر ئارا ئايالارنىڭ كېلىشمىلىرى، قۇياش كىرىزىسى ئاستىدا ئوچۇق بازاردا سېتىلغان بۈيۈك دىيارلار، گۈللەرنىڭ بايرام ھىدىدا، تىنچلىقپەرۋەر ئېگىز دۆڭلەر ھەم مۇكاپاتقا ئەرزىيدىغان ئىشلىملار...

تۇغۇلۇشىدا بۇنداق چوغنى پۈرىمىغانلار نېمە قىلىدۇ ئارىمىزدا؟

ئۇلار بىلەن ياشاشتا ياكى بارمۇ ھاياتلىق؟ «يوقلۇق ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش مېنىڭ ئەمەس، سېنىڭ ئىشىڭ...» بىزدەك ئەنە ئاشۇ يەردە بولغانلارغا كەلسەك، ھەيران قالارلىق ۋەقەلەرگە سەۋەبچى بولدۇق، ئىشلىرىمىزدا كۈچىمىزنىڭ چېكىگە يەتكەندە، شادلىغىمىز ئاراڭلاردا تولىمۇ ئۇلۇغ شادلىق ئىدى:

«تاغ يانتۇلىرىغا جايلاشقان بۇ سۇلالىنى بىلىمەن: غىزا ماددىلىرى چىقىرىدىغان يەردە ھاياجانغا چۈشكەن چەۋەندازلار. سىلەر بېرىپ دەڭلار ئۇلارغا: بىز بىلەن چوڭ بىر خەتەرگە ئۇچرايسىلەر! بىمۆتىدىل سانسىز ئىشلار، كۈچلۈك ھەمدە ھەددىدىن زىيادە ئىرادىلەر، باراڭدىكى بىر ساپاق ئۈزۈمدەك ھېلىگەر ئادەمنىڭ ھاكىمىيىتى... سىلەر بېرىپ ئوبدانراق دەڭلار: ئادەتلىرىمىز زوراۋانلىقتا، ئىسيانكارلىق ئۇرۇقلىرىدىكى مەزمۇت چاقچان تۇلپارلىرىمىز ھەمدە كۈندۈز قورقۇنچلۇقى پۇراۋاتقان قالپاقلىرىمىز ... قەپەزلەردە ۋىچىرلاۋاتقان قۇشقاچلاردەك نۇرغۇن ئائىلىلەرنى تۈزىدىغان، ئۆرپ-ئادەتلەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان ھارغىن دىيارلاردا، كۆرىسىلەركى، تۇرمۇش يوللىرىمىزدا، كەڭرى قوتانلارغا خەلقلەرنى يىغقۇچىنى، تامغىلارنى يۇقىرى ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلغۇچىنى. شەرىئەتلىرىمىز ئاستىدا يىگىرمە خەلق بارلىق تىللاردا سۆزلەشمەكتە......

«سىلەر زوقۇڭلارنىڭ تارىخىنى بىلمىسىلەر: نامرات سەردارلار مەڭگۈلۈك يوللاردا، توپ-توپ بولۇپ كەلگەن قېرىنداشلار يىلىنىڭ پۈتۈن ئەركەك ئاھالىسىنى ھاسا تايانغان تەگرىلىرىگە قوشۇپ بىزگە تاپشۇرماقتا، شىمال قۇملىرىدا يىقىلغان شاھزادىلەر، ئۇلارغا ئەگەشكەن قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئىشەنچىسى بىلەن بىزنى چۈمكىمەكتە، — تەلىيىمگە ئىشەنچىم كامىل — دېگەن ئەپەندى......

ياكى توغرىسى، ئۇلارغا، تىنچلىققا ئائىت نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەيسىلەر: باياشاتلىقتا ئىستىلا قىلىنغان يۇرتلاردا، بالاغەتكە يەتكەن ئايالار بىلەن ئامىمىۋى مەيدان پۇرىقى، خورما دەرىخى ئاستىدا ئىشلىتىلگەن، سۈزۈك تامغىلىق سېرىق پۇللار، ھەربىي چىقىملار — ئاچچىق دورا-دەرمانلار ئۈستىدە ماڭغان خەلقلەر، دەريالار تۇرىسىمۇ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان بۈيۈك سودىلار، قىزلىرىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرغان كۈچلۈك قاۋشىنا سالىمى ھەم ئالتۇن قەغەزلەردە ئالماشتۇرۇلغان رەسىملەر، دوستلۇق كېلىشىملىرى ھەم چېگرىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، دەريا تۇغانلىرى ھەققىدە خەلق بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىككەر، مۇتەئەسسىپ يۇرتلاردا ھاسىل قىلىنغان باجلار! (ئامبارلار قورۇلۇشى، ئېھرامىلار، ئاتلىق قوشۇنلار

بىنالىرى، — قاتتىق كۆكتاشلار، قىزغۇچ قېرمىت يوللىرى — رەختلەرنى ئالدىرىماي بازارغا سېلىش، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇلغان گۈل مۇراببپاسى ھەم ئەسكەرلىك ھۇزۇرلىرىدا بىزگە تۇغۇلغان تاي — رەختلەرنى ئالدىرىماي بازارغا سېلىش ھەممە چۈشلىرىمىز ئەينەكلىرىدە قىلىچلارنى داتلاشتۇرغۇچى دېڭىز، كۆپلىگەن بوش ۋاقىتلارغا ئىگە دىيارلىرىمىز تامان، قىزلىرىمىز تامان، بىر كەچقۇرۇ ئىللىقى، دېڭىز ئىقلىملىرىغا چۈشۈش.

«بۇ تۇقۇلمىغا، بىزنى بىر پۈۋەش بىلەن ئولتۇراقلاشتۇرغان، ئەتىر چېچىۋالغان ئاياللار ......»).

— بىزنىڭ يالغۇز تەقدىر بىلەن قورشالغان بوسۇغلىرىمىز بەزىدە مانا مۇشۇنداق ھەممە كۈندۈزنىڭ تېزلەشكەن قەدەملىرىدە، دۇنيانىڭ بۇ تولىمۇ كەڭ تەردىپىدە، ھاكىمىيەت بىزنى ھەر ئاخشىمى تاشلاپ كەتكەن يەردە، گۈلچەمبىرەكلەرنىڭ تولۇق تەنتەنىسى!

بىراق، كەچقۇرۇن، تەلىيىمىز ۋە تەسەننىمىز پىلانلىرىدا، خوتۇنلىرىمىز قىزلىرىنىڭ قوللىرىدا، سۆسۈنگۈل بىلەن چالما پۈردىقى بىزنى يوقلىماقتا ئىدى. جىمىققان شامالار قاقاس دېڭىز قولتۇقلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئاستا جايلاشماقتا.

7

جەننەتىمىزدە، بۇ سېرىق تۇپراقتا داۋاملىق ئولتۇراقلاشمايمىز...

پادىشاھلىقىمىز كەڭتاشا ياز بوشلۇق زىيا پەتلىرىگە نۇرغۇن كېلىمات قاتلاملىرىنى ئاسماقتا. بىپايان ئۆپۈقلۇق زېمىن كۆل ئاستىدا تاتارغان چوغىنى تۇسقۇنلارىمىز دۇملاتماقتا.

يوقالماس نەرسىلەر رەڭگىدىكى، ھەسەل ۋە گۈڭگۈرت رەڭگىدىكى پۈتۈنلەي چىملاشقان زېمىن ئۆزگە ئايازنىڭ چىغى بىرلە يالقۇنجىماقتا — بىرلا. دەرەخنىڭ يېشىلى بولۇتىدىن ئاسمان ئۆزىنىڭ سۆسۈن يىلتىز سۈيىنى چىقارماقتا.

تاختا يۈزلۈك يارقىن تاش ماكانى! شامال كىرپىكلىرىدە نە پاك ئۇرۇق. نۇر گويا كى ياغ.

— كىرپىكلەر ئارىسىدىن چوقىلار يېپىنچىچە تۇتىشمەن ھەممە ئاۋاز ئاڭلىغۇچى تاشنى، نۇر ئۆۋىسىدىكى سۈكۈنات ھەرىسىنى بىلىمەن، چېكەتكىلەر ئائىلىسىنىڭ غېمىدە قەلبىم ......

بوغۇزلىنىۋاتقان، مايسا رەڭلىك دوقىلار تىكىلگەن ياۋاش تۈگمەلەر، ئۆلارنى كۆكنىڭ زىرائەت ئىنئاملىرى ئاستىدا دۆڭلەر يورگۈزمەكتە — تاتارغان يايلاق يېلىنجاشلىرى ئۈستىدە زوۋانسىز يېرگەي، چۈشلەر تۈتۈنىدە، زېمىننىڭ خەلقلەر ئۆلۈۋاتقان ئەنە شۇ ئۆلۈك توزىڭىدا ئاخىرى پېقىلغاي.

بۇ بۈيۈك تىنچ سىزىقلار يىراق ئېھتىماللىق تومۇرلار كۆكىرىشىگە يۈزلەنمەكتە. زېمىن كۆپ نۇقتىلاردا بوران سۆسۈن گۈللىرىنى ۋايىغا يەتكۈزمەكتە؛ مانا بۇ قۇم تۈتۈنى ئۆلۈك دەريالار ماكانىدا ئۆرلىمەكتە، گويا سەپەر قىلىد-

ۋاتقان ئەسىرلەر پارچىلىرىدەك ......

ئۆلۈكلەر ئۈچۈن تولىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا، تولىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا كۈندۈزدە. كۆپتۈر كىشى قەلبىدە ساپلىق، شۇ كىشىنىڭ سەۋدىيىسىنى كۆرۈشكە روھ ئىنتىلغانمىدۇر ؟ ...... «ساڭا خىتاب قىلماقتىمەن، ئەي روھىم ! — ئەي، تۇلپارنىڭ ئەتىرلىك ھاتىرىسىگە چۆمگەن روھىم ! » ئەنە، قۇرۇقلۇقتىن بىرقانچە بۈيۈك قۇشقاچلار، غەربكە سەپەر قىلماقتا، دېڭىزدىكى قۇشقاچلىرىمىزنى ئۇستىلىق بىلەن دورىماقتا.

ئەمالار كىيىملىرىگە ئېتىلگەن مۇقەددەس ماكانىدەك، شىددەتلىك تاتارغان ئاسماننىڭ شەرقىدە، تىپتىنچ بۇلۇتلار ئاتلىنىشقا تەمشەلمەكتە، سۇناي ۋە ئاقچاشكا چايانلىرى ئۇندا ئايلانماقتا ...... شامال بىزدىن تالىشۋاتقان ئەي تۇتۇن ! پۈتۈن زېمىن ئۆزىنىڭ ھاشارەتلىرىنى يىغىشۇلىشقا ئىنتىزار، زېمىن ئاجايىبلارنى تۇغار ......

چىڭقى چۈش پەيتى، ياۋا ئۈزۈم دەرەختى قەبرىلەر چەكلىرىنى چاقاندا، ھىلىقى كىشى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنىڭ كەينىنى ئەسىرلەردە قۇرىتىمدۇ... ئۆلۈك توزان ماكانىدىكى ئەي چۈش چەۋەندازلىرى، ئەي، شامال بىزگە چاچقان كېرەكسىز يوللار ! تاپىمىز قەيەردە، دەريالار تويلىرىدا دەريالارنى كۆزەت قىلغان چەكچىلەرنى قەيەردىن تاپىمىز ؟

زېمىن ئۈستىدىكى بۈيۈك سەييارە سولار چۆقانىدا، بارلىق زېمىن تۈزى چۈشلەردە ئۆرتەنمەكتە. تۇساتتىن، ئاھ ! بىزدىن تۇساتتىنلا نېمە كۈتىدۇ بۇ ئاۋازلار ؟ ئەينەكلەرسىمان بىر خەلقنى دەريالار مۇسكۇلىغا كۆتۈرۈڭلار، كەلگۈسى ئەسىرلەردىمۇ ياشىغاي ! مېنىڭ شان - شۆھرىتىم ئۈچۈن تاش تىكلەڭلار، تاش تىكلەڭلار سۈكۈنات ئۈچۈن، يېشىل مىس بەيگىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىپايان يوللىرىدا بۇ ماكانلارنى كۆزەت قىلغاي ! ...

( بۈيۈك قۇش سايىسى يۈزۈمنى سىلىماقتا . )

## 8

بايىتالارنى سېتىش توغرىسىدا قانۇنلار، ئازغان قانۇنلار. ھەمدە بىز ئۆزىمىزدۇرمىز. ( ئىنسانىيەت رەڭگى. )

سەپەر قىلىۋاتقان بۇ سۇسمان تۈۋرۈكلەر بىزنىڭ رەپىقلىرىمىز، گويا سۇ سائەتلىرىدەك يەردە ئاقماقتا، ھاشارەتلار بىلەن توزاندىن تۇقۇلغان ھەمدە ئاجايىب جەۋھەرگە ئىگە تەنتەنىلىك يامغۇر شارقىراشلىرى قۇملاردىكى سەپلىرىمىزنى سېلىق بېجىدەك قوغلىغانىدى.

( ئۇندا يۈرەكلىرىمىز سەۋدىيىسىدە كۆپلىگەن ماھىر سۈكۈنات بولغان )!

× × ×

جەريان ئۇنتۇمىسىز بولغانلىقىدىن ئەمەس: ئەھدىلەرسىز ھايۋاناتلار قەدىمىدە ( بىخسىمان كۆزلۈك ئەنئەنىۋى تۇلپارلىرىمىز )، روھ زۇلمەتلىرىدىكى

نۇرغۇن ۋەدىلىك شەيئىلەر — روھ پاسىللىرىدا ئالدىرىمىغان نۇرغۇن شەيئىلەر— تەبىرلەرگە قويۇلغان زېمىن بىلەن تاش تاغلار ئىسقىرىقىدىكى ياۋا ئىتتىسمان ئۇلۇغ تارىخلار ...

يەنە بىر نەرسە: بۇ سايىلەر — يەرگە بولغان بۇرچىغا نىسبەتەن ئاسمانىنىڭ چاتاق چىقىرىشلىرى......

مۇشۇنداق كىشىلىك ئائىلىلەر ئارا ئەي چەۋەندازلار، ئۇندا ئۆچمەنلىكلەر گايىدا تورغا يىلاردەك كۆيلىگەنىدى، سائادەتكە ئاختا بولغان تۇلپار سۆزلەرگە قامچا كۆتۈرىمىزمۇ؟ — ئەي. ئىنسان، بۇغداي بىلەن ھېسابلىنىدىغان يۆكۈڭنى مىزانغا سال. دىيار — مانا بۇندا مېنىڭ ئەمەس. دۇنيا ماڭا چىمدىن بولغان بۇ ھەرىكەتتىن ئۆزگە نېمە ئاتا قىلدى؟ ...

× × ×

ھەتتا قاقشال دەرەخ ماكانى دېيىلگەن ماكان:

ئېچىرقىغان چاقماق غەربتە بۇ ئىقلىملارنى ماڭا ئايرىپ بەرمەكتە، بىراق ئەڭ بۈيۈك بوش ۋاقىتلار ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا، بۈيۈك بىر دىياردا.

ئەسسىز چىمدىن، سۈبھى بىلەن ئاتەش ئارقىلىق، رىشتىلەرسىز ۋە بايراملارسىز يىل مېزىلىشىدۇ.

(سەھەردە، قارا قوي قەلبى قۇربانلىقى.)

× × ×

ئەي دۇنيا يوللىرى، تەنھا ئادەم سەندە ماڭىدۇ. زېمىنىنىڭ بارلىق ئىشارىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق.

ئەي سېرىق شامالدىكى سەپەرگار، ئەي روھ تەمى! ... سەن دېگەنىدەك كەيىپ قىلغۇچى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە زەھەرلىك ئۆسۈملۈك يانجىپ تاشلانغاي.

× × ×

زوراۋانلىقنىڭ ئۇلۇغ پرىنسىپى خاراكتېرلىرىمىزنى ئەزمەكتە ئىدى.

## 9

بىز غەربتە سەپەر قىلغان تولىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان، پانىي شەيئىيلەردىن نېمە بىلەر ئىدۇق؟ ... ھەممە توساتتىن قەدەملىرىمىزدە تۇتۇنىنىڭ بېشى.

— ياش خوتۇنلار! ئۆزىنى ئۇلار بىلەن ئەتىرلەنگەن ھالدا كۆرۈش يۇرت تەبىئىتىگە ماس كېلىدۇ:

« ... ئۆلۈكلەر تارقىشىدا چۇقان كۆتەرگەن تۇل خوتۇنلار ھەممىدە بۈيۈك ھارارەت زامانلىرى ئارقىلىق سېنى ئاگاھلاندۇرىمەن.

سۆكۈناتنى تەربىيىلەش بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە قېرىۋاتقانلار ئېگىزلىكلەردە ئولتۇرغان ھالدا، ئوچۇق قىرغاقلار ئارىسىدىكى كۈندۈز شۆھرىتى

ئۈستىدە، قۇملار ئۈستىدە پال ئاچماقتا؛

بىراق ئايالللارنىڭ بېلىدىكى لەززەت يېتىلمەكتە، چىشلىق جىسىملىرىمىزدا قارا ئۈزۈم خېمىرتۇرۇچىدەك نەرسە، ئۆزىمىز بىلەن بىللە راھەت يوق بىزگە.»

«... چۈشلىرىمىزدىكى يوپۇرماقلار شادلىقى ھەمدە بۈيۈك نېسىۋە زامانلىرىدىن ساڭا بىشارەت بېرىمەن.

بولاقلارنى بىلىدىغانلار بىز بىلەن بىللە بۇ سورگۇنگاھتا؛ بولاقلارنى بىلىدىغانلار، بىر ئاخشىمى، قايسى قوللار ئاستىدا، بەللىرىمىز تەكلىرى سىقىلىدىغانلىقىنى، جىسىملىرىمىز ئېچىرقاشقا تولىدىغانلىقىنى بىزگە دەرمۇ؟ (ئايال ئەر بىلەن چىمدا ياتتى، قوپار، ئۈستى - بېشىنى تۈزەشتۈرەر، ئۇنىڭ كۆك قانىتى ئۈستىدە چېكەتكە ئۇچماقتا.)»

«... بۈيۈك ھارارەت زامانلىرى ئارقىلىق سېنى ئاگاھلاندۇرىمەن، شۇندىلا تۈن، ئىتلار ھاۋشۇشلىرىدا، خوتۇنلار بېلىدىن لەززىتىنى سېرىمەكتە.

بىراق يوچۇن ئادەم ئۆز چېدىرىدا، مېۋىلەر بىلەن قېتىقتا قوتلۇقلىنىپ ياشىماقتا. ئاغزىنى، يۈزىنى، جىنسىي ئەزاسىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئاڭا سوغۇق سۇ بېرىلمەكتە.

كېچىدە ئاڭا چوك تۇغماس خوتۇنلار بېرىلەر (ھە، كۈندۈزدە تولىمۇ قارالغۇ!). لەززىتىنى بەلكى مەندىنمۇ قېزىپ چىقىرار. (ئۇنىڭ خوتۇنلار بىلەن ياشاش ئۇسۇلىنى بىلمەيمەن.)

«... چۈشلىرىمىزدىكى بولاقلار شادلىقى ھەمدە بۈيۈك نېسىۋە زامانلىرىدىن ساڭا بىشارەت بېرىمەن.

سەن قورام تاشلار ئارىسىدىن ھەسەل ماكان ئاچقاندەك، نۇردا ئاغزىنى ئاچ، ئەگەر مەندە خاتالىق تېپىلسا قويۇۋېتىلەي! بولمىسا، لەمپىگە باراي، يالىڭاچ باراي، كوزا يېنىدا، لەمپە ئاستىدا، مېنى ئۇزاق كۆرىسەن، سەن قەبرە بولۇقى رەپىقى، دەرەخ ئاستىدا جىمجىت ئولتۇرار — تومۇرلىرىمىنىڭ قىز بالىسى... لەمپە ئاستىدىكى بىر ھاجەت ئۈچۈن كارىۋات، كوزىدا يېشىل يۇلتۇز، سۇلتانلىقىنىڭ ئاستىدا بولاي! لەمپە ئاستىدا سوغۇق سۇ كوزىسىدىن باشقا دېدەك يوق! (كۈندۈزدىن بۇرۇن يېشىل يۇلتۇزنى ئويغاتماي چىقىپ كېتىشنى بىلمەيمەن، بوسۇغىدا چېكەتكە، ئىتلار ھاۋشىشلىرى زېمىننى قاپلار.)

بۈيۈك نېسىۋە زامانلىرىدىن ساڭا بىشارەت بېرىمەن ھەمدە پانى كىرپىكلىرىمىزدىكى كەچقۇرۇن شادلىقىدىن ......

بىراق ھازىر بىز تېخى كۈندۈزدە!».

— چاقناۋاتقان كۈندۈز كەڭلىكىدە تۇرغاندا، ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق پاكىز ئۇلۇغ دىيار بوسۇغىدا، قىزلار سىيمەكتە، ھەم، كېيىملىرى ئىچىدىكى رەڭلىك توقۇلمىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

## 10

ئالدى جەلپ قىلارلىق بۈيۈك شىلەپە تاللا. كۆز روھ ئەقلىملىرىدا بىر ئەسىر چېكىنمەكتە. ئوچۇق رەڭلىك بور ئىشىكىدىن يايلاق شەيئىلىرى كۆزگە

چېلىنماقتا: نېمە دېگەن ئىرىك شەيئىلەر، نېمە دېگەن ئالاھىدە شەيئىلەر!

بالىلار قەبرىلىرىدە بوغۇزلانغان تايلار، كۆللەردە تۇللار سەدىقىلىرى، ئاجىزلارنى ھۇرمەتلەپ يېشىل قۇشقاچلارنىڭ مەيدانلارغا تۆپىلىنىشلىرى؛ بىز ئاڭلاش ئۈچۈن، كۆرۈش ئۈچۈن، زېمىن ئۈستىدە نۇرغۇن شەيئىلەر، ئارىمىزدا ئىرىك شەيئىلەر!

بۈيۈك دەرەخلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىسىگە ئوچۇق ھاۋادا تويلار تەنتەنىلىرى، كىچىك سالىق ھۆرمىتىگە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىشلار، تولۇق يۇمىلاق قارا تاشنىڭ مۇقىملاشتۇرۇلۇشى، ئۆلۈك جايلاردا بولاقلارنىڭ تېپىلىشى، ياقىلار چۆرىسىدە ئۆزۈن تاياقلارنىڭ چۆرىسىگە ئېسىپ رەختلەرنى قوتلۇقلاش، تويى كىيىملىرى ئېلانى ئۈچۈن، قۇياشتا بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش ئۈچۈن، تاملار ئاستىدا، كۈچلۈك ئالقىشلار!

شۇنداقلا، چېكىلمىگەنىڭ يۇقىرىسىدا ئۆزگە نۇرغۇن نەرسىلەر: شەھەرنىڭ چەت رايونلىرىدا ھايۋاناتلارنىڭ جاراھەت لاتىلىرى، باش كېسەرلەرگە قارشى قوپقان جامائەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەشلىرى، قۇدۇق قازغۇچىلار ۋە تۈلپارلارنى ئەكتە قىلغۇچىلار، ئوما شامالىرىدا ئويلىنىشلار ۋە ئۆگزىلەردە ئاردىلارنىڭ ئۈچلىرى بىلەن چۆپلەرنى ھاۋالاندۇرۇش، قىزغۇچ كۆيۈك توپا بىلەن سېپىللارنى ۋە گۆش قورۇتۇشقا بالكون شەكلىدە جايلارنى ۋە مولمىتاپقا قىلارغا ئۆكۈرلەرنى ۋە پورت كاپىتانلىرىغا ئىشخانىلارنى سېلىش؛ مال دوختۇرلۇقىغا ئاتمىت ھەر نەرسىگە كەگرى مەيدانلار، تاغ ئارىسىغا توتاش يوللار ۋە خېچىرچىلار يوللىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا قويۇلغانلار؛ ئىسلاھ قىلىنمىغان يەرگە پاناھگاھلار سېلىش؛ كارۋانلار يېتىپ كەلگەن چاغدىكى يېزىقلار ۋە پۇل تېگىشتۈرگۈچىلەر مەھەللىلىرىدىكى كۆزەتچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىش؛ پۇراتما ياغ ئىدىشلىرى ئالدىدا، راۋاقلارنىڭ كۆپۈپ تۇرغان نەقىشلىرى ئاستىدىكى شان - شەرەپلەر؛ قەرز چەكلىرىنى تۆلىمەسلىككە قارشى غەۋغا؛ غېرىبلىقتا تاشلانغان ھايۋاناتلارنى ۋە توپا ئاستىدىكى ئاق قىزتلارنى ۋە ئۆلۈمگە بويالغان ماكانلاردىكى يانتاق بىلەن تىكەن ئاتەشلىرىنى قىرىپ تاشلاش؛ ئارپا بىلەن كۈنجۈتتىن گۈزەل نان چىقىرىش؛ ھەممە ھەر يەردە ئىنسانىيەت تۇتۇنى......

ھە! ئۇرۇسۇللىرى ھەم قىلىقلىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك كىشىلەر: ھاشارەتلار بىلەن سۇ مېۋىلىرىنى يىغقۇچىلەر، كاچاتلار بىلەن بېلىقلارنى كۆتەرگۈچىلەر! دېھقان ۋە ئورىكىدىيا تەرگۈچى؛ كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى ئۇرغۇچى ۋە تۇز ساتقۇچى جازانىخور ۋە تۆمۈرچى؛ شېكەر، ئاقچاشكا، ئاق مېتال تەلەڭگىلىرى، بۆلۈك چىراغلىرى سودىگەرلىرى؛ تېرىدىن كىيىم، ياغاچتىن ئاياغ ھەممە زەيتۇن شەكلىلىك تۈگمىلەر ياسىغۇچى؛ تېرىقچىلىقتا يەر ئاغدۇرغۇچى؛ ھەممە ئاشۇ بىكار ئادەم: بۈركۈت ئادىمى، نەي ئادىمى، ھەرە ئادىمى: ئۆز ئاۋازىنىڭ ئىنتونانسىيىسىدىن ھۇزۇر سۆرگەن ئادەم، يېشىل تاش ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئۆز خىزمىتى دەپ بىلگەن ئادەم، ئۆز ئۆگزىسىدە چىغلارنى كۆيدۈرۈپ لەززەتلەنگەن ئادەم، خۇشبۇي يا پىراقلاردىن توپىدا كات ياساپ ياتقان ئادەم، ئېقىن سۇلار كۆللىرى ئۈچۈن يېشىل چاقچۇقلۇق رەسىملەرنى

ئويلىغان ئادەم؛ سەپەر قىلغان، قايتا سەپەر قىلىشنى چۈشەنگەن، يامغۇرغا باي يۇرتتا ياشىغان، بېلىيارت ئوينىغان، ئۈسمۈر قىزلارنى ئوينىغان، قەدەھلەر ئويۇنى ئوينىغان ئادەم؛ ياكى ھېساب جەدۋەللىرىنى يەرگە ياپقان ئادەم؛ كىرامىپ ئۈسۈملۈكلىرىدىن پايدىلىنىش ھەققىدە پىلانلارغا ئىگە ئادەم؛ ئۆلۈك لاچىنىنى شاخلاردىن قىلىنغان يۈكتەك كەينىدىن سۆرىگەن ئادەم، (پەي سېتىۋېلىنىدى، ئەمما سادىقلار ئۇنىدىن بېزەلدى)، بىخ توزانلىرىنى ياغاچ تۇرۇبىلارغا سۈمۈرۈپ ئالغان ئادەم (لەززەتلىم بۇ سېرىق رەڭدە، دەيدۇ)؛ بۆرىلەرنى، خورما دەرىخى قۇرتىنى، ئۈژمىلەرنى يەيدىغان ئادەم؛ ياۋا ئوت تەمىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم؛ قىزىلمۇچ چۈشەيدىغان ئادەم؛ ياكى يەنە، تاشنىڭ يېڭى دەزلىرىدىكى كەم ئۇچرايدىغان ئەترنى پايلايدىغان، قولىقىغا سەدەپ تىقىۋالغان، قېتىپ كەتكەن يىلىم چاينايدىغان ئادەم؛ ئايالنىڭ جىسمىنىلا ئويلايدىغان ئىشقىۋاز ئادەم؛ قىلىچىنىڭ چاقنىشىدا ئۆزىنىڭ روھىنى كۆرىدىغان ئادەم؛ ھاياتىنى ئىلىم - پەنگە، مەشھۇر كىشىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئاتىغان ئادەم؛ نەسەھەتلەردە نېسىۋىلىك ھەممە بولاقلارغا نام بېرىدىغان، دەرەخلەر ئاستىدا ئورۇندۇقلار ھازىرلايدىغان، ھېكمەتكارلارغا رەڭلىك يۇڭلارنى تەقدىم قىلىدىغان، ئاچا يوللارغا ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن، يوغان مىس داسلارنى بېكىتىدىغان ئادەم؛ يەنە مۇھىمراقى، ھېچ ئىش قىلمايدىغان ئادەم، گويا ئۆز ھەرىكەتلىرىدىكى ماۋۇ ياكى ئاۋۇ ئادەم كەبى ھەممە باشقا نۇرغۇن شەخسلەر كەبى! ئېتىزلار ئارا قۇشلارنى تېرىۋالىدىغان ھەم ياۋا ئۈژمە تىكەنلىرى ئارىسىدىن ئالا - يېشىل تۇخۇملارنى يىغىدىغانلار، تولپارلىرىدىن چۈشۈپ، چەت رايونلار دەرۋازىسىغا ئويۇلىدىغان تۇتۇق كۆك تاشنى، ھېقىقنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىدىغانلار (قۇتىلار، بۇرۇنغا سېلىپ چۈشكۈرىدىغان نەرسىلەر، مېتال قىسقۇچلار ۋە پالەچلەر قولىدىن دومىلاپ كەتكەن ساقىلار شەكلىدە)، ئۈنچە - مارجان قۇتىلىرىنى ئوچۇق ھاۋادا ئىسقىرتىپ تۇرۇپ بوياۋاتقانلار، پىل چىشىدىن ھاسا تۇتقان ئادەم، ھىندىستان قومۇشىدىن ياسالغان ئورۇندۇققا ئىگە ئادەم، قىز قوللىرىدا بېزەلگەن ناسىك ھەممە مايمۇن باغلاشقا نەيزىسىنى بوسۇغىغا سانجىپ قويغان سەپتىن قايتقان جەڭچى ... ھە! ئۇرۇسلىرى ھەم قىلىقلىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك كىشىلەر ھەممە توساتتىن! ھەر تەرەپتىن ھەر مەسىلىدە ئۆزىنىڭ ئالدى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، كەچكى كىيىملىرى بىلەن، پىستىق دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرغان رىۋايەتچى پەيدا بولماقتا ......

ئەي ئايان قىلغۇچى نەسەبكار! ئائىلىلەر ۋە نەسەبلەرنىڭ تارىخلىرى قانچە؟ — بىلەرمەننىڭ داستىخانلىرىدا، بىز ئاڭلىغانىدەك، ھايات ئۆلۈكنىڭ دىلى ئەسىر قىلىنغاي، ئەگەر ئۇنىڭ سايىسىدا ھەر نېمىنى ھەم ئۇنىڭ دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقىمىغان بولسام: كىتابلار ۋە يىلنامىلەرنى ساقلاش ئۆيلىرى، ئاسترونوم خەزىنىلىرى ھەم دەپنە قىلىنىدىغان ئورۇن ھۆسنى، خورما دەرىخى ئاستىدا، مادا ئېشەك بىلەن ئۈچ ئاق مېكىيان ئورۇنلاشقان ناھايىتى قەدىمىي ھەيكەللەر — كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئويۇن! مەيدانى كەينىدە، يول ئۈستىدە نۇرغۇن پىنھان شەيئىلەر: مەن چۈشەنمەيدىغان رىۋايەتلەر ئۈستىگە

قۇزۇلغان لاگېرلار، دۆڭلەردىكى خەلقلەرنىڭ پاھىشىلىرى ھەم دەريالاردىن پىلىس-
تىك قاپاقلار بىلەن ئۆتۈش، ئەھدىلەر مەكتۇپلىرىنى كۆتۈرگەن چەۋەندازلار،
تەكلەردىكى يوشۇرۇنالغۇ، ئاچاللار چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى بۇلاڭچىلار پىلانلىرى
ھەم ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئېتىزلاردىكى ھىيلىلەر، كېلىشىش-
لەر ۋە سۇيىقەستلەر، بالىلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئورمانىدىكى ھايۋاناتلارنىڭ
بىر - بىرىگە ھىنىشلىرى، بۇقىلار ئېغىللىرىنىڭ تىرەن يېرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ
كېسەلدىن كېيىنكى دەم ئېلىشى، دەرەخ ئاستىدا ئىككى كىشىنىڭ تىمتاس
سۆھبەتلىرى ......

بىراق يەر ئۈستىدىكى كىشىلەر پائالىيەتلىرىدىن باشقا، يەنە، سەپەر
قىلىۋاتقان ئىشارىلەر تۇرغۇن، سەپەر قىلىۋاتقان ئۇرۇقلار تۇرغۇن، ھەممىدە
گۈزەل ۋاقىتنىڭ خېمىرى ئاستىدا، زېمىننىڭ ئۇلۇغ تىنىشىدا، ئومىنىڭ
پۈتكۈل پېيى! ......

ھەتتا، چىشى يۇلتۇز تۇرغان كەچقۇرۇن لەھزىسىگىچە، ئاسمان يۇكسەك-
لىكلىرىدە ئىگىلەنگەن پاك نەرسە مەۋجۇت ......

ئەي تېرىلغان چۈش تۇپرىقى! كىم ئۇ قۇرۇلۇش ھەققىدە سۆزلەۋاتقان—
بىپايان مۇساپىلەرگە پارچىلانغان زېمىننى كۆردۇم، شۇنداقلا ئويۇم دېڭىز-
چىدىن زادى غەپلەتتە ئەمەس.

## ناخشا

تولپاردىم كەپتەرلەرگە تولغان دەرەخ ئاستىدا تۇرماقتا، پاك ئىسقىرتىد-
مەن، ھەتتا، بارلىق بۇ دەريالارنى ئۆز قىرغاقلىرىغا ۋاپا قىلدۇرۇشقا قادىر
ھېچقانداق ۋەدىلەر يوق. (سەھەردىكى تىرىك ياپراقلار شاخ ئوبرازىدا) ...

× × ×

ھەممىدە بۇ، ئاشۇ كىشى پەرىشان بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ،
سۈبھىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىزلىكنى ئاداققى يۇلتۇزغا تىرەپ، بىر
قەدىمى دەرەخ بىلەن سۆھبەتلىشىپ مەزمۇت ئولتۇرغانىدا، تېخى ناشتا قىلماي
تۇرۇپ، ئاسمان چوڭقۇرلۇقلىرىدا لەززەت ئارىلاش ئۇلۇغ سۈزۈك نەرسى-
لەرنى كۆرىدۇ، .....

× × ×

تولپاردىم بۇقۇلداپ سايراۋاتقان دەرەخ ئاستىدا تۇرماقتا، شۇنچە پاك
ئىسقىرتىمەن ... بۇ كۈندۈزنى زادى كۆرمىگەنلەرگە، ئەگەر ئۇلار ئۆلمىدىغان
بولسا، تىنچلىق نېسىپ بولغاي. بىراق، مانا، شائىر قېرىندىشىمدىن ئۇچۇر-
لار. ئۇمۇ يەنە ساپ نەسرلەرنى يېزىپتۇ. بەزىلەر ئۇنى ئوقۇپ چىقىشتى.

ئەخمەتجان ئوسمان تەرجىمىسى

(ئەرەبچە، سان جون پېرسنىڭ «سۈرگۈنگاھ ۋە باشقا شېئىرلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن).

# ئەمالار

(ھېكايە)

زۇلپىيە

ئۇنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان، قارا چاچ، كېلىشكەن يىگىت ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. باشتا مېنى بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى ۋە ئېرەن قىلمىدى. لېكىن يىگىت كۆزىنى ئۇنىڭدىن ھېچ يۆتكەيدىغاندەك قىلمايتتى. يېنىدىكى پوزۇر كىيىنىۋالغان قىزغا بولسا قاراپمۇ قويمايتتى. «ئۇ مېنىڭ بىرەر ئېشىمنى بىلىپ قالغان بولغىيمىدى - يا؟ توغرا، چوقۇم شۇنداق گەپ، بولمىسا پاقا تەشكەن سويمىدەك ماڭا بېزىرىپ قاراۋېرىدىغانغا مەن يا نازىنىن قىز بولمىسام. ئىسىت، باشقا ئاپتوبۇسقا چىقساممۇ بولغانىكەن».

ئايال ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە يېنىدا ئۆزىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز مۈگدەپ ئولتۇرغان ساقاللىق ئادەمنىڭ قارا سومكىسىغا قاراپ قويدى.

«ۋاي خۇدايىم، ھەندەك ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان خوتۇنغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلغىچە يېنىدىكى سەتەڭنىڭ پېيىگە چۈشسىچۇ ماۋۇ دەلدۈش». ئايالنىڭ بىردىنلا يىگىتكە ئۆچمەنلىكى قوزغالدى. خەپ توختا، ئەدىبىڭنى بىر بەرمىسەم!...

ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىدى.

يىگىت ئورنىدىن تۇرۇشىغا يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى قىز ئۇنى قولتۇقلىۋالدى. ئايال قەستالىقچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيى بىلەن يىگىتنىڭ پۇتىغا كۈچەپ دەسسىدى.

— ۋاي...ۋاي... — يىگىت ئازابتىن ئىڭرىغىنىچە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە نېمىندۇر تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك بىر قولىنى ھېلىقى ئايالنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى.

— ھو نومۇسسىز لۈكچەك! كۈپكۈندۈزدە قىلىۋاتقان قىلىقىغا قاراڭ... قولۇڭنى يېنىڭدىكى ماۋۇ بىر نېمەڭگە ئۇزات!

— ئاچا، خاپا بولمىسىلا، — دېدى يىگىتنى قولتۇقلىۋالغان قىز.

— نېمىشقا خاپا بولمىغۇدەكمەن؟ سىلەرمۇ كۆرگەنسىلەر خالايىق، ئۇنىڭ ئاچچىسىدەك ئايال تۇرسام نومۇس قىلماي ئاپتوبۇسقا چىققىنىدىلا قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ يۈردىۇ، بۇ پۇتۇ دەپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ تۇرسام ئەمدى كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلىپ يۈرمەمدۇ...

— راستىنلا شۇنداق ئىش بولدىمۇ؟

— ئەجەب بىز سەزمەپتۇقا...

— مانا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى بىردىنلا ئايالنىڭ يېنىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان ساقاللىق ئادەم

ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇ مۇشۇ ئايالغا
قاراپلا ئولتۇردى.
— ئانىسىدەك ئادەمگە شۇنداقمۇ
ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بارمۇ؟
— تازا بىر ئەدەپلەپ قويۇش لازى-
كەن بۇنى!
ھېلىقى ساقاللىق ئادەم باشچىلىقىدا
بىر نەچچەيلەن يىگىتكە دىۋەيلەپ
كېلىشكە باشلىدى.
— توختاڭلار، — دېدى يىگىتنى قو-
تۇقلاپ تۇرغان قىز قاتتىق ئاۋازدا، —
بىگۇناھ ئادەمگە ئۇۋال قىلماڭلار،
مانا كۆرۈۋېلىڭلار! — قىز شۇنداق
دەپلا يىگىتنىڭ كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتتى.

يىگىتنىڭ ھەر ئىككىلا كۆزى ئورنىدا!
مەرمەرچىلىك تۆشۈك ئېچىقلىق بولۇپ،
ھېچ نېمىنى كۆرەلمەيتتى. ئاپتوبۇستى-
كىلەر بىر ھازاغىچە ئۈنسىز تۇرۇپ
قېلىشتى. كىچىك بىر بالا قىزنىڭ
يىگىتنى ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈشىگە
ياردەملەشتى. دەل شۇ پەيتتە ساقاللىق
ئادەمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— خالايىق، سومكامنى ئوغرى ئاپتۇ!
— مەن ھېلىقى ئايالنىڭ بىر قارا
سومكىنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى
كۆرگەن، — دېدى كىچىك بالا.
كۆپچىلىك ئەتراپقا قاراشتى. لېكىن
ھېلىقى ئايالنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

---

كېتىشەتتى. ئەمەت ئاكا قاسساپلارغا
قاراپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سادىقنىڭ
يوقلۇقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر ئاز ئارا-
مىغا چۈشتى، ئەمدىلا بىر قەدەم چامى-
دىشىغا ھېلىقى قاسساپلاردىن بىر نەچچە
قەدەم نېرىدىدا ھەدەپ قېرىدىن تازىلاۋات-
قان سادىقنى كۆرۈپ قالدى-دە، سادىق
بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى.
ئەمەت ئاكا ئۇنىڭ تۇرۇلغان يەڭلىرىنى،
قىپقىزىل قانغا بويالغان كۆڭلەكلىرىنى،
ماڭلايلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان
تەر تامچىلىرىنى شۇنداق ئېنىق كۆردى.
ئەنە شۇ تۇرغان قاسساپلارنىڭ ئىچىدە
ئەڭ كۆپ جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقىنى
ئۆزىنىڭ ئەتىگەندىن بېرى ھەممىنى
ئۇنتۇپ كۈتكەن سادىق ئىكەنلىكىنى
بىلىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى

قېيىپ، بىر مۇئەللەق بوشلۇققا ئېسى-
لىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ بىرەر
مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە
شۇنچىلىك قاتتىق روھىي ئازاب چەككىنى،
تەنلىرى بوشاپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ
كەتكەندەك، قامەتلىك زەبەردەست
بەستى بىردىنلا كىچىكلەپ ئۆزىنى ھېچ-
كىم تونۇمايدىغاندەك ھېس قىلدى.
ئەمەت ئاكا ئاستا، تولىمۇ مىسكىن
ھالەتتە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ
قانداق قىلىشنى بىلمەي كېتىۋاتقاندا،
ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەزەلدىن ئويلاپ
قويمايدىغان، ھەتتا ئۇچراپ قالسا
نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي ئۆتۈپ كېتى-
دىغان ئەڭ ئاددىي بىر تازىلىق
ئىشچىسى كېلىپ قالدى-دە، شۇنىڭ
ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# پېنسىيەگە چىقىشنىڭ ئالدى-كەينىدە

(ھېكايە)

يارمۇھەممەت تۇرسۇن

بۇ يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ تازىمۇ مولچىلىق پەيتىدە كېلىشى كىشىلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى شادلاندۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ھەممىلا ئادەم خۇشاللىق ئىچىدە ھېيتنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

ئەمەت ئاكا ئۆگزە بويى ئۆرلەپ قالغان قۇياشقا قاراپ ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، قويىنى سويۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلمەكچى بولغان سادىقنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ ھويلىغا قويۇلغان ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

ئەمەت ئاكا قوي سويۇشنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە تولۇق بېجىرىلىپ بولاتتى.

مانا بۈگۈن ئەمەت ئاكا شۇنچىلا ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغان بولسىمۇ تېخىچە يېتىپ كېلەلمەيۋاتقان سادىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھاجەتمەنلەرنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئىشلىرى پەقەت بىرلا سادىققا باغلىق بولۇپ، ئۇ ۋاقتىدا كەلمىسە باشقا ئىشلىرىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ تولىمۇ تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

سادىق مەكتەپنى ئارانلا پۈتتۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ياۋاشلىقى، تىلىنىڭ يۇمشاقلىقى، ئايغىنىڭ ئىتتىكلىكى بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق تولىمۇ تەسلىكتە ئورۇنلاشقان بۇ ئىدارىدە تېزلا يۈز-ئابروي تېپىپ خۇددى قۇمغا سىڭگەن سۇدەك ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۇ ئىدارە خىزمەتچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئىدارە باشلىقى بولغان ئەمەت ئاكىنىڭ كۆزىگىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى. سادىق ئىدارىگە يۆتكىلىپ كېلىپ بىر نەچچە يىل بولماستىنلا، مەرتىۋىسى ھەممىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئادەتتىكى بىر خىزمەتچىدىن بىراقلا ئىدارىدىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن سادىقنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەمدى سادىققا ھاجىتى چۈشىدىغان بولدى.

ئەمەت ئاكىنىڭ سادىقنى ئۆز يېنىغا تارتىشى سادىققا زور خۇشاللىق ۋە بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئەمەت ئاكىغىمۇ ئوخشاشلا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئەمەت ئاكا ئۆزى قىلىشنى ئەپسىز دەپ ھېس قىلغان ئۆي ئىشلىرى بولسۇن، يىراق-يېقىندىن ئەكىلىدىغان نەرسە-كېرەكلەر بولسۇن، ھەممىنى سادىققا شۇدىرلاپ قويۇپ ئۆز

ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرەتتى. سادىق بولسا، خۇددى مۇقەددەس بىر يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندەك ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شۇنداق بېرىلىپ قىلاتتىكى، ئەھمەت ئاكا ئويلىغاندىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى نامايان قىلاتتى.

ئەھمەت ئاكىنىڭ ئۆيىدىن سادىققا ھەر كۈنى دېڭىزدەك بىرەر ئىش چىقىپ تۇراتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن باشلىقنىڭ ئۆي ئىشلىرى تەڭ كېلىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭكىگە ئۇلگۈرەي ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ ئايالىدىن بىر مۇنچە تىل-ھاقارەت ئاڭلىغان كۈنلىرىمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇ، ئەھمەت ئاكىنىڭ ئىشلىرىنى ئەنە شۇنداق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەچكە، ئەھمەت ئاكىنىڭ ئۆي ئىشلىرى ئۇنىڭغا ياد بولۇپ كەتكەنىدى. قاچان گاز تۈگەيدۇ، قاچان ئۇن تۈگەيدۇ، بىر قېتىم ئەكەلگەن گۆش-سەي نەچچە كۈن يېتىدۇ... بۇلار خۇددى بەش قولدەك ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ھەتتا ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئالىدىغان ناۋايخانىدىكى نانمۇ نەزەرىدىن ساقىت بولمايتتى.

ئەھمەت ئاكا كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆي ئىشلىرىنى ئايرىم چۈشەندۈرۈپ يۈرمەيدىغان بولدى. يەنى ھەممە ئىشلىرى سائەت ئىستىرلىكىسىدەك دەۋر قىلىپ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەندىنمۇ تەرتىپلىك ۋە رەتلىك بېجىرىلىپ كېلىۋېرەتتى. بۇنىڭدىن ئەھمەت ئاكا تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، سادىقنى ئۆز يېنىغا تارتقانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. شۇنداقلا ئادەم

تاللاشتىن ئىبارەت بۇ ماھارەتنى بەزىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى كۆز-كۆز قىلاتتى.

سادىق ئىدارىنىڭ خىزمىتى بىلەن ئەھمەت ئاكىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قىلغاچقا، بەزى چاغلاردا تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ كۈلكىگە قالاتتى.

بىر قېتىم ئۇ ئەنە شۇنداق ئالدىراش بولۇپ كېتىپ يانچۇقىغا دەسمالنى سېلىۋېلىپ، ئىشخانىدا قولياغلىقىنى چىقاردىم دەپ دەسمالنى چىقىرىپ سېلىپ بىرمۇنچە ئىزاغا قالغانىدى...

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىچىلمىگەن نۇرغۇن سىرلار ئېچىلىپ ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ سادىققا بولغان كۆز قارىشىدا بۇرۇلۇش بولۇشقا باشلىدى.

سادىقنى بۇرۇن ۋاي دەپ ھۆرمەت قىلىدىغانلار ئەمدى ئۇنى كۆزدىگە ئىلمايدىغان، مەنسىتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ كۆزىچىلا: «تەخسەكىلا سۇنۇپ كەتمىسۇن سادىق» دەپ كۈلۈشىدىغان، «ئەھمەت ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى» دەپ مەسخىرە قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. سادىق بۇنداق گەپ-سۆزلەرگە ئانچىلا خاپا بولۇپمۇ كەتمەيتتى. ئەكسىچە تەگتۈشلىرىگە كۈلۈپ قويسا، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە ھومىيىپ قوياتتى ياكى ئاڭلىماسقا سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى. باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ دىمىقىنى قېقىپ قوياتتى.

ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئەمەت ئاكىـ
نىڭ ياشنىپ قالغانلىقىنى، ناۋادا
ئۇ دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتسە، سادىقـ
نىڭ نېمە كۈنگە قالىدىغانلىقىنى،
نەچچە يىلنىڭ ياقى ئەمەت ئاكىنىڭ ئۆي
ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈپ مەكتەپتە
ئۆگەنگەن ئازلا بىلىمىنىمۇ يەپ بولـ
غانلىقىنى ئويلاپ، يېڭى كەلگەن
باشلىق نېمە ئىشقىمۇ قويار دەپ ئۇنىڭـ
غا ئىچ ئاغرىتىشاتتى. بىراق سادىق
بۇ جەھەتتىمۇ ئالاھىدە تەييارلىق
قىلىپ قويغان بولۇپ، شەپتالىنى ئۇستـ
سۇلغا سالغۇدەك ئاجايىپ سېھىردى كۈچى
بار ئىدى.

ئەمەت ئاكا ھويلىدا ئولتۇرۇ پىز،
ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپمۇ
سادىقنى خېلى كۈتتى. بىراق سادىق
تېخىچە يېتىپ كەلمىگەنىدى. ھېيت
نامىزىدىن قايتقانلار ئۆيلىرىگە كىرىپـ
چىقىپ، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن
تەييارلىغان قويلىرىنى سويۇشقا باشلىدى.

ئەمەت ئاكا تۇرۇپ - تۇرۇپ سائەتكە
قاراپ قوياتتى. كوچىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرىنى سادىققا
ئوخشىتىپ، كۆڭلىنى بىر مىنۇت
ئاۋۇندۇرۇپمۇ ئالاتتى. بىراق سادىق
ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولۇپ
قالاتتى. ئەمەت ئاكىنىڭ ئەتىگەنكى
خۇشاللىقى بارا - بارا يوقىلىشقا، ئۇنىڭ
ئورنىنى قانداقتۇر بىر خىل خىجىللىق،
تەقەززالىق ئىگىلەشكە باشلىدى. شۇ
تاپتا ئەمەت ئاكا سادىقنى ساقلىماي
تام قوشنىلىرىدىن بىرەرسىگە بۇ ئىشنى
دېگەن بولسىمۇ قىلىپ بېرەر ئىدى.
بىراق ئەمەت ئاكىنىڭ خىيالىغا
سادىقتىن باشقا بىرەرسى كەلمەيتتي.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جان پىدالىق
بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان
بۇ «تۆھپىكار»نىڭ چوقۇم كېلىدىغانـ
لىقىغا شۈبھىسىز ئىشىنەتتى.

ئەمەت ئاكا ئەنە شۇنداق تەقەززالىق
بىلەن خېلى ئۇزۇن كۈتكەندىن كېيىن،
سادىقنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە بىر ئىش
بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دېگەن ئوي
بىلەن سادىقنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ
يول ئالدى، ئۇ چوڭ كوچىغا چىقىپ
ئەتراپقا زور ئۈمىد بىلەن بىر
قاراۋەتكەندىن كېيىن، سادىقنىڭ ئۆيى
تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇ سادىقنىڭ ئۆيى
تەرەپكە بۇرۇلدى - يۇ، تۇرۇپ قالدى.

ئەمەت ئاكا بۇرۇلغان دوقمۇشتىن ئون
مېتىرلا يىراقلىقتا بىر نەچچە قاسساپلار
يەڭلىرى قولتۇقىغىچە تۈرۈلگەن ھالدا
قوي سويۇۋاتاتتى. يېڭى يۆتكىلىپ
كەلگەن باشلىق ئۆزى ئۈچۈن «خالىسانە»
ياردەم قىلىۋاتقان قاسساپلارغا قاراپ
ئاللىقانداقتۇر بىرنەرسىلەرنى دەپ
كۈلسە، ئەتراپتىكىلەر تەڭ كۈلۈشۈپ
«باشلىقنىڭ تەلىيى بار ئىكەن جۇمۇ،
قوي شۇنداق سېمىز چىقتى» دېيىشىپ
ھېجىيىشاتتى. ئەمەت ئاكا سەل تەمتىرەپ
قالدى، ئالغا چامدىيالماي جايىدا
خۇددى قاققان قوزۇقتەك بىرەر مىنۇتچە
مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. بۇ قاسساپلار
ئەينى چاغلاردا ئەمەت ئاكىنىڭ ئىشىكى
ئالدىدىمۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك ئولىشىپ
تۇرۇشاتتى. ئۇلار قوينى سويۇپ
پارچىلاپ قازانغا سېلىپ باش - شىراقـ
لارنى ئۈتلەپ، ئۈچەي - قېرىنلىرىنى
يۇيۇپ، ھەتتا قېرىنىنىڭ تىرىپلىرىغىچە
قىرىپ بېرىپ، يۇندىلارنى پاك - پاكىز
تۆكۈپ، ئادالىۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن

(داۋامى 92 - بەتتە)

## كلاسسكلىرىمىز

### غەزەللەر

# دىۋانى مەھزۇندىن پارچىلار

لەئىلەئى رۇخسارىدىن ئوت سالدى دىلبەر ئاقىبەت.
ئىشق ئاتەشگاھىدا بولدۇم سەمەندەر ئاقىبەت.

ئەيلادى يەلدا تۈنىدەك روزگارىمنى قارا،
ئارىزىغا ياپىشىپ ئول زۇلپى مۇئەنبەر ئاقىبەت.

نەچچە يىلدۇر ھىجرىدە غۇربەتتە يىغلاپ زار-زار،
بولمادى بىر ۋەسل جامىدىن مۇيەسسەر ئاقىبەت.

غارەت ئەيلەپ ھىجر خەيلى بىرلە ئول سۇلتانى ئىشق،
كىم ۋۇجۇدۇم شەھرىنى قىلدى مۇسەخخەر ئاقىبەت.

ئىشق ئوتى بىرلە جۇنۇنۇم ئانچە كىم تۇغيان قىلىپ،
پارچەنى تەرك ئەيلىدىم بولدۇم قەلەندەر ئاقىبەت.

ھەرنە پار ئىلكىدە سەرپ ئەيلە ئوتەرسەن، ئوتتىكىم،
دەھرىدىن خالى ئىلىك بىرلەسكەندەر ئاقىبەت.

كۆلبەم ئىچرە شەمئى يوق دەپ بولما مەھزۇن ناگىھان،
رەھىم ئەتىپ كەلسە ئول ئاي ئەيلەر مۇنەۋۋەر ئاقىبەت.

× × ×

ئىلىندى جان قۇشى ئەي شوخ زۇلبۇڭغە ھاۋا قىلغاچ،
يۈزۈ-خالىڭ سۇ بىرلە دانە يەڭلىغ مۇپتەلا قىلغاچ.

كۆزۈك قانىمنى توككەن چاغنى ئەي گۈزەل كورماگان بولساڭ،
قارا كىرپىكلىرىڭنى ئوق قىلىپ قاشىڭنى يا قىلغاچ.

نە تاڭ ئۈنگەي قومۇشلار تۇپراغىمدىن نەيشەكەر بولسا،
لىبىڭ بىرلە قەدىڭنىڭ ھەسرىتىدىن جان پىدا بولغاچ.

بېلۇ، ئاغزىڭ خىيالىدىن سەرى مۇيى نىشان تاپتىم،
ئەدەم دەشتىدە تاشلاپ يوق ۋە بارىمنى ئادا قىلغاچ.

دېدىم «يالەيتەنى كۇنتۇ تۇرابا» ئارزۇ ئەيلەپ،
ئاياغىڭ تۇپرىغىنى كوزلىرىمگە تۇتىيا قىلغاچ.

نە خۇشتۇر ئىشق ھىسىدە ماكانى «لاماكان» بولدى،
ۋەتەن تەرك ئەيلىبان تەجرىدلىك ئەھلى پانا قىلغاچ.

چىقىپ يۈز ئىشۋە بىرلە مۇغبەچە مەي تۇتتى مەستانە،
تەرەننۇم بىرلە مەھزۇن دەير ئىشىكىدە ناۋا قىلغاچ.

× × ×

ھۇسنى ئېلىگە ئەي دىلبەر سىپەھى پادىشاھ دەرلەر،
ئىشق خەيلىدە بىزنى ناتاۋان گادا دەرلەر.

بەزم ئىچىدە مەستانە جىلۋە ئەيلىساڭ ناگاھ،
كوزلىرىڭنى كورگەن چاغ جانغە يۈز بالا دەرلەر.

بارچە ئەل جامالىڭغە زار ئۈچۈن بولۇر ئاشىق،
زەررە يەڭلىغ ئول تىمساي ئاڭا مۇپتەلا دەرلەر.

ھىجرىدىن خالاس ئېرمان ئاھكىم كېچىپ جانىدىن،
ۋەسلىغە يېتەر ئەرمىش قىلسا جان پىدا دەرلەر.

شىكۋە ئەيلەمە ھەرگىز ئەي كوڭەل جۇدالىقدىن،
ۋەسلى قەدرىنى بىلمەس بولماغان جۇدا دەرلەر.

ئوز ۋۇجۇدىنى ئورتەپ كۇل قىلىپ ساۋۇرغانىنى،
كورسىلەر ھەقىقىي ئەل لايىقى ۋىسال دەرلەر.

ئىشق ئەيلىدى بى سەبىر، رەنجىڭ ئەيلىدى ئەپزۇن،
سەبر بولسا ئەي مەھزۇن دەردىڭگە داۋا دەرلەر.

× × ×

بايرام كۇنى مەجنۇن كوڭۇل ھەم شاد، ھەم گىريان ئىرۇر،
ھالىمغا ئەل گىريان ئىرۇر ئانىدىن ئول ئاي خەندان ئىرۇر.

مەن خەستە، خەستەك تاك ئەمەس بولسام يولىدا پايمال
ئول گۈل شەمەندىن سەكرىتىپ چەۋلان ئۈزە، جەۋلان ئېرۈر.

باشىغا سانجىپ ئىتىراگۈچ يۈز ناز ئىلە، تارتىپ قىلىچ،
بۇ شەكل ئىلە كۆرگەن زامان جانۇ، كۆڭۈل لەرزان ئېرۈر.

كىم رەشكىدىن قىلسام نەتاك ئاھىمنى ئوق، قەددىمنى يا،
بىر يانىغە باغلاپ ساداغ بىر يانىدا قۇربان ئېرۈر.

ئەنجۈم ئەمەستۇر ئول كېچە رەۋشەن كۆرۈنگەن كى پەلەك
ئول شەھسۇۋارىنغە قاراپ يۈز كوز بىلەن ھەيران ئېرۈر.

دەۋلەتكە مەغرۇر بولماغىل ئەي شاھ، گاداغا رەھىم قىل،
ئاتىڭ ئاياغى ئاستىدا جىسمىم ئۈيى ۋەيران ئېرۈر.

بىلگىل بۇ كۆڭلىنى مۇغتىنىم سەندەك نېچە خەيلى ھەشەم،
ئەيىپ ئەيلەپ ئۆتتى دەمبەدەم بۇ دەھر بى پايان ئېرۈر.

ئىككىم خىيال ئەيلەپ شەپەق خۇرشىد تابىدىن دىمە!
گەردۈن يۈزىدىن ساچرىغان قۇربانلاردىن قان ئېرۈر،

زەبىھ ئەيلە ئىسمايىل كېبى قىلغىل قەبۇل رەھىم ئەيلىتىبان،
جانىن پىدا ئەيلەپ بۈگۈن مەھزۇن ساڭا قۇربان ئېرۈر.

× × ×

قىزىل تون بىرلە چىققىل شەھسۇۋارىم،
ئۈمىدى قەتىل قىلدى جانى زارىم.

كۆرۈندى ئۆزگىگە ئول مەست بى باك،
كوڭۈلدە قالمىدى سەبرۇ - قارارىم.

ئېلىپ بىر جىلۋە بىرلە ئەقىل - ھۇشۇم
قولۇمدىن ھەم ئىنانى ئىختىيارىم.

ئاياغىغە يىقىلدىن يىغلابان زار،
كۆرۈپ ئۆلمەي ئۈنى يوقتۇر چىدارىم.

قويۇندەك ئۆرۈلۈپ باشىغە ھەردەم،
ئېرۈر سەدەقە بۇ جىسمى خاكسارىم.

مېنى خۇاھ ئۆلتۈرۈر خۇاھ تىرگۈزۈر ئول،
ئىلاجىم يوق، خۇدادۇر يوقۇ-بارىم.

ئۆمىد ئەيلار شەھىدى ئىشق بولماق،
يولىدا تا قىيامەت ئىنتىزارىم.

ئۆت ئەي ساقى ماڭا بىر جامى قاتىل،
ھالال ئەتتى ئەجەپ رەنجى خۇمارىم.

مېنى مەھزۇن ئىتەي بۇ غۇربەت ئىچرە،
ۋەتەن مۇلكى مېنىڭ ئەردى دىيارىم.

× × ×

چابۇكۇم مەستانە كىرسە بەزم ئارا ئەيلەپ خىرام،
شۇخلۇقىدىن بىر ئىلگىدە سەراھى بىردە جام.

لۇتىپ ئېتىپ تۇتسا ياقامدىن قۇيسا مەي ئاغزىمغا كىم،
تازە جان تاپسام ئىچىپ ھەم لەبلىرى يەتكۈرسە كام.

دىسە ھىجرىم دەردى بىرلە ئەردى ئەھۋالىڭ نىچۈك؟
قول ھىمايىل ئەيلىبان بويىنۇمغا ئول شىرىن كالام.

مەن سوئالىغە جاۋاپ ئۈزىمنىڭ تاپالماي ئۆلۈپ،
كەتسە ھۇشۇم يىتسە ئەقلىم خەستە جان كۆيسە تامام.

بىخۇت ئولماقتىن ئاياغىغا يىقىلسام مەست ئولۇپ،
كىم ئاياغىدىن باش كۆتەرمەي ئىچ دىسە ئول سۇبھى شام.

رەھىم ئېتىپ ھالىمغە ئول باشىم قۇچاغىغە ئېلىپ،
تۇتسا يۈزىنى نەپەس تەھقىقىغە ئاغزىنە فام.

يار كىمدۇر، سەن كىم ئەي مەھزۇن ۋىسالى قايدادۇر،
ۋەسلىدىن ھەرگىز دەم ئۇرما بۇ خىيالىڭ بارچە خام،

× × ×

ئىشقى تىغى بىرلە ھەريان لالەدەك قاندۇر تېنىم،
ئەختەرى بەختىم مەسەللىك داغى ھىجراندۇر تېنىم.

تىرباراني بىلە ياغدۇردى ھىجران ئانچە كىم،
يەردىن ئۈنگەن سەبزە يەڭلىغ نەۋكى پەيكانىدۇر تىنىمدىم.

لەئلى يادى بىر نەپەس كۆڭلۈمدا ئانىڭ بولماسا،
يۈز نەپەس سۈرسە مەسىھا داغى بىجاندۇر تىنىمدىم.

كوز يېشىم بەھرى ئارا ئۈنگەن قومۇشدەك ھەر زامان،
جىلۋەئى قەددى پىراقى بىرلە لەرزاندۇر تىنىمدىم

باغلاماڭلار ھىجرى تىغى زەخمىدىن ئەي ئەھبابلار،
بۇ ستەمدىن ۋەسلى ئۈمىدى بىرلە خەنداندۇر تىنىمدىم.

قان ئاقار ھىجىر ئوقلىرى بىرلە تىشىلگەن زەخمىدىن،
قەتلى گاھى ئىشق جاللادىغە ناۋاداندۇر تىنىمدىم.

دىمە مەھزۇن زىندەئى ژۇلىدە مۇنى نەيلىدىلىك،
ئانى مەيگە ئەيلىگەندىن رەھنە ئورياندۇر تىنىمدىم.

× × ×

بىر گۈلى رەئنا كورۇپ كۆز پەسلىدە زار ئولمىشام،
يەرگە تۈشكەن بەرگ يەڭلىغ سارغارىپ خۋار ئولمىشام.

كىچە تاڭ ئاتقۇنچە بۇلبۇلدەك كوزۇمنى يۇمما يىن،
مىڭ ناۋا بىرلە قىلىپ يۈز نالە بىدار ئولمىشام.

ھىجرى دەستىندە سۈسىز قالغان كىمىكتەك سارغارىپ،
باش قويۇپ ياتتىم غىرىپ تۇرپە بىمار ئولمىشام.

ھەر تەرەپتە شاخى زۇئپىدىن تىشىلگەن بەرگىدەك،
سەر بەسەر يۈزنىش پۇرقەت بىرلە ئەفگار ئولمىشام.

تاك يەڭلىغ قول ئىچىپ قەدخەم قىلىپ قان يىغلايان.
ۋەسل ئارا مەي ئارزۇسىدىن تەلەپكار ئولمىشام.

جەندە ۋۇ ژۇلىدە مۇ كەيدىم بىھىدەك پەقر ئارا،
ئاپەتى بادى خازاندىن تا خەبەردار ئولمىشام.

مەھزۇن ئول گۈل ھىجرىدىن بەرگى سەمەر بەربات ئېتىپ،
سەرۋەدەك ئازادەلىق يىزلە شەبۇكىنسار ئولمىشام.

× × ×

ھىجر ئارا ئالىن ئاشماق ئۈچۈن مەڭگۈ لازىم،
يۈز ئوقبە بەلەند چىقىپ ساڭگۈ لازىم.

يول شىددىتىدىن بولسا ساۋۇق ھىجر ئوتىدا،
بىر - بىر سۆڭكىم سوك - سوك ئوتۇندەك قالادىم.

ھىجر ئەمگىكىنىڭ تەشنەلىكىدىن يىغلاپ،
كوز چەشمەسىدە خەستە گىيىكدەك سولادىم.

يول تاپماي ئېزىپ كوز قارارىپ ھەيرەتتە،
غەم دەشتىدە نى تىندىم ۋە نى ئۇيقۇ لازىم.

يۈز مەرتىۋە جان لەبگە يېتىپ ئۇشبۇ سىتەمدىن
ئۆممىد ۋىسال ئىلە بەدىنگە سولادىم.

ئومر ئىچرە خوتەن دەشتىدە تۈن - كۈن يىغلاپ،
ئاقنى قاراغە، قارانى ئاققا ئۇلادىم.

ئەي تەڭرى مېنى مەھزۇن نى خالاس ئەيلامادىڭ،
ھىجران غېمى دەشتىگە نى كۈندە يولادىم.

× × ×

كورماسام بىردەم جامالىڭنى جاھاننى نەيلايمەن
بولما يادىڭ كوڭۈلدە جىسىم ۋە جاننى نەيلايمەن.

تا ئىچىپ زۇلپۇڭنى سۈلبۈلدەك پېرىشان ئەيلادىڭ،
نى قارار دىۋانەئى دەۋرەن ماكاننى نەيلايمەن.

لەئلى سىرابىڭ نى ئەيلاپ ئارزۇ گەر چىقسا جان،
خىزرى سۈيىدىن ھاياتى جاۋىدان نى نەيلايمەن.

كۆشەيى ۋەيرانەنى تۈتتۇم ۋىسالىڭ يارىدا،
ئەمدىكىم جەننەتتە باغۇ-بوستانىنى نەيلايىن.

كىرپىكىم بىرلە سۈپۈرمەي كوز ياشىمدىن سۇ سىپىپ،
چىقسالىڭ ئەي گۈل باغ تاماشەغە «كۆچان»نى نەيلايىن.

تولدى قان بىرلە كوڭۈل جامى خۇمارىم رەنجىدىن،
ساقىيا مەي بەرمىسەڭ يۈتماي بۇ قاننى نەيلايىن.

دەرگىھىڭدىن سۈرمە مەھزۇننى يىراق، رەھم ئەيلاگىل،
ئاندا بىر ئىت دۇرمەن ئۆزگە ئاستاننى نەيلايىن.

× × ×

ياد ئىتىپ يۈز مەن سېنى بىر سەنمۇ ياد ئەتسەڭ نىمە؟
كوز ئۇچى بىرلە باقىپ كوڭلۈمنى شاد ئەتسەڭ نىمە.

رەھم ئىتىپ ۋەسلىڭ نەسىمىدىن ئۈمىدىم غۇنچەسىن،
ھىجر چاك ئەتكەن كوڭۈل يەڭلىغ كۈشاد ئەتسەڭ نىمە؟

نامە يازسام ئول پەرى رۇيۇمغە ئەي كۈز كورگالى،
مەن مەدەت قىلسام قاراغىڭنى مىداد ئەتسەڭ نىمە؟

ئىشق سىرىدىن ئەي كوڭۈل دەھر ئەھلىغە پاش ئەتكۈچە،
ياشۇرۇن جان سەپھەسى ئىچرە سىۋاد ئەتسەڭ نىمە؟

پەقىر يولىدا مۇرادىن نامۇراد ئولماي بىرەۋ،
تاپمىدى مەھزۇن ئۆزۈڭنى نامۇراد ئەتسەڭ نىمە؟

# ئەدىبلەرنىڭ جەننىتى

ئىمىن ئەخمىدى

## 1

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى، مەخسۇس تەشكىللەنگەن خادىملارنىڭ ئەت-راپلىق مۇزاكىرىسى، مۇناسىۋەتلىك باش ئورگانلارنىڭ قانۇنلۇق تەستىقى ئارقىلىق پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىياتچىلىق، تەتقىقات، تەرجىمە، ئىجادىيەت ساھەسىدە تۆھپە ياراتقان كەسىپ ئىگىلىرىگە ھەر خىل دەرىجىدىكى ئىلمىي ئۇنۋان بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كىتابخانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلارنى ئاممىۋى يوسۇندا باھالاپ چىقىش پائالىيىتىدە، ئەختەم ئۆمەر، زوردۇن سابىر، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەخمەتجان ئوسمان، مۇھەممەت پولات، سىدىقھاجى روزى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىق توققۇز نەپەر يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ مۇشتەرى ۋە كىتابخانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن «كىتابخانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچى» دېگەن ئالىي مۇكاپاتقا ئىگە بولدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ پىكىر ئېلىش قەغىزىنى تارقاتقاندىن كېيىن، بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلارنىڭ دائىرىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ شەھەر، يېزا، زاۋۇت-كان، ئىدارە، ئورگان، ئارمىيە، مەكتەپلەرگە قەدەر كېڭەيدى. ئىسلاھات ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان، بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ساپ ھاۋاغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قان-تومۇرىغا، ئەقىل-پاراسىتىگە، كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئۆزىگە كىتابخان يېتىشتۈرۈۋاتقان، كىتابخانلارمۇ ئۆزىگە ئىجادكار تاللاۋاتقان بۇ ھالقىلىق پەيتتە ھەرقايسى سەپلەردە پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزىنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزلىرىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان مەنىۋى تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى. ئەلۋەتتە، ئۇلار يۇقىرىدىكىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇۋاتقان، ئوخشاش تۆھپە ياراتقان نۇرغۇن يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاپئاق قەغەز بېتىگە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇدى. بىر ئەدىب ئۈچۈن، نىسبەتەن

تارىخىدا ئىمرىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن سىرت، كەڭ خەلقنىڭ ئىشچى، دېھقان زىيالىيلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولمىسا كېرەك. جۇڭگو پۇقرالىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر پۇقرالىرى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئەسەرنى يارىتالىغانلار دېيىشكە توغرا كەلسە مۇشۇلارنى دېسەك كۇپايە قىلار. بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىدىن كەلگەنلەر كەڭ كىتابخانلار ئەۋەتكەن كونۋېرتلارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ، باھالاش قەغىزىدىكى ئىسىملارنى بىر - بىرلەپ يېزىۋاتقاندا تولىمۇ ھاياجانلاندۇق. مىللىتىمىزدىكى ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ زورلۇقىنى، لەشكەرلىرىنىڭ خىللىقىنى، ئەدەبىياتنىڭ كەلگۈسى يورۇقلۇقىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇق، قەلبىمىز ئىپتىخار ۋە ئىشەنچ بىلەن تولۇپ تاشتى.

2

مەن «ئىنجىل» نى ۋاراقلاپ تۇرۇپ جەننەتتىن تۈنجى قېتىمدا قوغلاپ چىقىرىلغان بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ ئەسلىدە ئەڭ دەسلەپكى شائىر ۋە يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. چۈنكى ئىلاھ يەھۋا: «ئۇلار ئەقىل پاراسەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەپ، بىزگە ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرق ئېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئېھتىمال ئۇلار ئەمدى ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىگە قول ئۇزىتىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا ئۇلار مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلاردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئەدەندىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دېگەنىدى. («ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى» ئۈچىنچى باب) مىللىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلىرى دەل يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانىدەك ئىلاھى جەننەتكە قايتا بارالايدىغان، لېكىن مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى جەننەتتىن ئورۇن ئالىدىغانلار، شۇنداقلا ئورۇن ئېلىشقا باشلىغانلار ۋە ئورۇن ئالغانلار قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇلار ئەقىل - پاراسەت مېۋىسىنى ئىلاھى جەننەتتىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مۇشۇ شانلىق دەۋرىمىزنىڭ پايانسىز ئېتىزلىرىدىن، خەلقنىڭ قان - تەرلىرى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمان، ھەسرەت - نادامەتلىرىدىن يېگەن بولغاچقا، ئۇلار يازغان ئەسەرلەرمۇ خەلقنىڭ جەننىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. ئۇلار يېگەن ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسى دەل خەلقنىڭ ئارزۇسى، بىر يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئۆلمەسلىكى ئۇنىڭ دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن ئوخشاش نەپەس ئالغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۆز ئۆمرىدىن ئۇزاق ياشايدۇ، ئۇ تۇرغۇزغان ھەيكەل

ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالىدۇ. مەن 1991 - يىلى ئەتىيازدا ئۈستۈن ئاتۇشتا سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىدە قاتنىشىۋېتىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ: بىزدىن يولداش مۇھەممەتجان راشىدىنغا سالام ئېيتىپ قويۇسىڭىز، ئۇنىڭدىكى مېھىر - مۇھەببەت، ئۇنىڭدىكى ئارزۇ - ئارمان خۇددى بىز بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندا مۇڭداشقاندەك يېقىملىق، ئۇنىڭ ھەسرەت نادامىتىمۇ بىزگە ئوخشاپ كېتىدىكەن دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن يىغىلىردىكى گەپلەرنى يولداش ئابدۇراخمان قاھارغا ھاۋالە قىلدىم. مەن شۇ چاغدىلا يولداش مۇھەممەتجان راشىدىن ئۈچۈن جەننەت ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەستۇر، خەلقىنىڭ قەلبىگە كىرىش ئىلاھى جەننەتكە كىرىشتىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا ئەمەسمۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىز ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تەزىيە مۇراسىمىنى ئېچىۋاتقاندا يولداش سۆكخەنلىياك يېتىپ كەلدى، بىز شۇ چاغدا مەرھۇمنىڭ ئەمەل مەرتىۋىسىنى ئويلاپ، سىزنى تەكلىپ قىلىشقا پېتىنالمىغانىدۇق دېدۇق. يولداش سۆكخەنلىياك: يازغۇچى، شائىرنىڭ دەرىجىسىنى خەلق بەلگىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى خەلق بېرىدۇ دېگەنىدى. مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ بۇ نۆۋەت «ياخشى يازغۇچى، ياخشى شائىر، ياخشى ئوبزورچى» دەپ باھالانغانلارنىڭمۇ خەلق قەلبىدە نەقەدەر مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم. يازغۇچى، شائىرلار ئۆز ھاياتىدا دوزاخ ئازابىنى تارتقاندەك قىيىنىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار دوزاخقا كىرمەيدۇ، ئۇلار جەننەتنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بۇ جەننەتنى ئۇلار زېمىن ئۈستىگە قۇرىدۇ ۋە شۇ جەننەتتە ئارامگاھ تاپىدۇ. بىز دەل خەلقىنىڭ قەلبىدىكى، ئارزۇ - ئارمانىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەسرەت - نادامىتى ئىچىدىكى جەننەت، ئەدىبلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق جەننەت بولمايدۇ.

3

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە شۇنى تەكرارلىماي بولمايدۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا گەرچە مول مەھسۇلاتلىق يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلار تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، نادىر ئەسەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس. دۆلەتنىڭ، دەۋرنىڭ مىللەتنىڭ بىزگە قويغان تەلەپىدىن قارىغاندا زىممىمىزدىكى يۈك تېخى بەك ئېغىر. مەنىۋى ئوزۇققا بولغان تېنىمسىز تەشنالىق، ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئارزۇسى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزدىن ئاجايىپ ئەقلىي بايلىق، يۈكسەك پىكىر، رېئال ھەقىقەت، شاھانە تۇملارنى كۈتىدۇ. ئۇلار ئەمدى ھەر خىل سىياسىي شوئارلارنى ئەزمىسىنى ئەزگەندەك ئېزىپ ئىچۈرىدىغان، جۇڭگو يۇقىرالىرى چۈشەنمەي قالامدىكىن دەپ بەتمۇ - بەت تەپسىر قىلىدىغان، تېراق، ۋەزىن، قاپىيە ۋە ئاھاڭدارلىق، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر بولسىلا

شېئىر دەپ يېڭى پىكرى مەنزىرە ئۈستىدە ئەجىر قىلمايدىغان ئەسەرلەردىن تەنقىد ئورنىغا خۇشامەتنى، رىغبەتلەندۈرۈش ئورنىغا تاياق-توقماقنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ئوبزورلاردىن بىزار. ئۇلاردا ئالىمقاچان دېيىلىپ بولغان، خۇلاسە قىلىنغان كونا ئىبارىلارنى تەكرارلاشنى، گېزىت خەۋىرىنى پۈتۈپ چوڭايتىشنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ ئاخىرقى جۈملىنى «پۈۋلەپ چوڭايتىلغان سېمىزدىن سۈت چىقمايدۇ» دېگەن سۆز بىلەنلا تاماملىساق كۇپايە. شۇڭا ئەدىبلىرىمىز يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ھاياتلىققا نەزەر سېلىشى، ئۆز ئەتراپىدىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىش، تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا پەرۋاز قىلىشى، ئۆزى تۇرغان ئورۇندىن قوزغىلىپ زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىن، ئۆركەشلەپ تۇرغان يېڭى قايناملاردىن، بۇ ئەسىردە تىرىشىپ كېيىنكى ئەسىر ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان يۈرەكلەردىن ئۆز قەلىمىگە جەڭ مەيدانى ئىزدىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كەڭ خەلق بىزگە بەرگەن ئالىي مۇكاپات ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرالايدۇ، خەلق بىزدىن رازى بولىدۇ. جەننەت بىزنى ئالقىشلايدۇ.

---

**خەلچەم ئابلىمىت** (تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)
**باتۇر روزى** قاتارلىق 17 كىشى قاتناشتى.

بۇ پائالىيەت باشلانغاندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىتابخانلىرىمىز بۇ پائالىيەتكە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدى. تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇناسىۋەتلىك جەدۋەل بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىلگەن نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتلەردە تامامەن بۇ پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى قىزغىن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ يازغۇچىلارغا، ئەدەبىيات ئىشقىغا بولغان سەمىمىي ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. تۆۋەندە بۇ خەتلەرنىڭ بىر پارچىسىنى كۆرۈپ بېقىشىڭلارغا سۇنىدۇق.

**ژۇرنىلىمىز تەرەپىدىن ئېلىپ بېرىلغان كىتابخانلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىنى باھالاپ چىقىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى چىقتى: ئەختەم ئۆمەر، زوردۇن سابىر، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەخمەتجان ئوسمان، مۇھەممەت پولات، سىددىقھاجى روزى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئەدىبلەر بۇ شەرەپلىك نام بىلەن مۇكاپاتلاندى.**

مەلۇمكى، بىز نۆۋەتتە ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزمۇ كەڭ، مول بولغان ھەر خىل ئۇچۇر جۇغلانمىسىغا مۇھتاج، ھەر خىل ئىستېتىك قاتلامدىكى كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىياتىمىز رېئاللىقىغا بولغان رايى؛ قىزىقىش دەرىجىسى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىپ تۇرۇش ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەھرىر بۆلۈمىمىز 1992-يىل 3-سان ژۇرنالغا قوشۇپ ھەر بىر مۇشتەرىگە ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىنى كۆرسىتىش جەدۋىلىنى تارقاتقانىدى. 11-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە مىڭغا يېقىن جەدۋەل تاپشۇرۇۋېلىندى. 30-نويابىر ۋە 1-دېكابىر ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە خادىملارنىڭ قاتنىشىشى ۋە نازارىتى ئاستىدا بارلىق جەدۋەل ئېچىلىپ، تەكشۈرۈلۈپ كىتابخانلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلاردىن تۆۋەندىكىلەر سايلاپ چىقىلدى.

**ئەختەم ئۆمەر** (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى)

**ئەمەتئىمىن ھوشۇر** («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

**زوردۇن سابىر** (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى)

**مۇھەممەتجان راشىدىن** (كۇچا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ)

**ئوسمانجان ساۋۇت** (تارىم ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

**ئەخمەتجان ئوسمان** (ئەقىدە سودا-سانائەت شىركىتى)

**مۇھەممەت پولات** (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى)

**سىددىقھاجى روزى** (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ شۆيۈەنى)

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم** (تارىم ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

كىتابخانلىرىمىز تەرىپىدىن مۇكاپاتقا كۆرسىتىلگەن يۇقىرىقى ئەدىبلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز! ھەم ئۇلارنىڭ قانائەتلىنىپ قالماي كىتابخانلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان مۇرەككەپ بەدىئىي زوقىنىڭ كەينىدە قالماي، ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىتابخانلار

بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز! بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ كىتابخانىلىق ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرغان مەسئۇلىيەتچان كىتابخانىلارغا تەشەككۈر بىلدۈرىمىز! كەڭ ئاپتور ۋە كىتابخانىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ خىل پائالىيەتنى ژۇرنىلىمىز ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بارماقچى. كېلەر قېتىملىق پائالىيىتىمىزگە تېخىمۇ كۆپ كىتابخانىلارنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىنى ۋە بۇ پائالىيەت ھەققىدە پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

كىتابخانىلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلارغا بېرىلگەن ئاۋازنى ئېچىپ تەكشۈرۈش يىغىنىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكى:

**ئىمىن ئەخمىدى** (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**مەمتىلى** (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى)

**مۇھەممەت ئابدۇللا** (ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات - ئاخبارات ئىدارىسى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى)

**مۇھەممەد تۆمەن** (ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى)

**ھەبىبۇللا رەقىپ** (ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى)

**ئەخمەت ئابدۇللا** (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

**ئابدۇلھەي ئابدۇلھەق** (شىنجاڭ گېزىتى ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى)

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت** (ژۇرنىلىمىزنىڭ سابىق مەسئۇلى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە مەركىزىنىڭ مەسئۇلى)

**ھەسەن تىلىۋالدى** (ئۈرۈمچى رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى)

**راھىلە** (ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىيات - ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىمى)

**ئۆمەرجان ئابلا** (ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى كادىرى)

**ئەزىزى** («شىنجاڭ ياشلىرى» رېداكسىيىسىنىڭ تەھرىرى)

**كۆرەشجان ئۆمەر** (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «كىتابلار خەۋىرى» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى)

**خاسىيەت** («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى)

**پولات ھېۋزۇللا** (تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى)

(داۋامى 106 - بەتتە)

# ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ئىش

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

«مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچى» دېگەن تېمىدا يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلارنى باھالاش پائالىيىتى ناھايىتى دەل ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەم ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

مەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ۋە شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى تاللاش ئۇسۇلى بويىچە مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان ھەم يۇرتىمىزدىكى باشقا كىشىلەرمۇ ياخشى كۆرىدىغان، دەۋرىمىز ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرغان يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلارنى تاللاپ چىقتىم. مانا بۇلار ھەقىقەتەن خەلقنىڭ ياخشى يازغۇچىسى، شائىرى، ئوبزورچىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

دەۋرىمىزدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ بىراق ھەقىقىي كۈچلۈك مىللىي ئۇسلۇبقا، دەۋر روھىغا ئىگە، شەكلى يېڭى، مەزمۇنى مول ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز. بىرەر كىشىنىڭ ياخشى يازغۇچى، ئوبدان شائىر ھەم ئوبزورچى بولالىشى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى ناھايىتى كۆپ يازغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتكە، كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بېرەلەيدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالىغاندا ئىپادىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ نۇقتا دائىم مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا تەكىتلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بەزىلەر بىر مەزگىل ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن داڭ چىقىرىۋېلىپلا ياخشى ئەسەرلەرنى يازمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەمدە قارا قۇيۇندەكلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى.

مەن ئالتۇن تاغلارنى كېزىپ يۈرۈپ، قولۇمدىكى ئاددىي كەتمەن ۋە جوتۇ بىلەن بىر قانچە توننا تاغ جىنىسلىرى ھەم ئالتۇن رودىلىرىنى قېزىپ ئېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن يۇقىرىقى بىر قانچە سەر ھەقىقىي ئالتۇنغا ئېرىشتىم. مېنىڭ ماڭغان قەدىمىم زايا كەتمىدى. مانا بۇ ئالتۇننى سەن ئىشچان خەلقىمگە، بىلىم تەشنالىرىغا سوغا قىلاي.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن:

ئابدۇلئەھەت ئالىم

گوما ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىدىن
1992 - يىلى 31 - ماي

یاشلقگه اعشلر

قیزغاندا چشلر

یاشلقتا عمر درس خوشاللق کرک



يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم ياش ئاپتورلار



يەرلىك ژۇرنال مەسئۇللىرى قارامايدا



يىغىن قاتناشچىلىرى شەيتانى كەرىشتە



ئايال ئاپتورلار سۆھبەتتە



يىغىن قاتناشچىلىرى بۇرغىلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى



سىلىم بوۋا تاپقان ماي بۇلاق ئالدىدا




《天尔塔格》文学双月刊

1993年第1期

Tangritag Two Monthly Literature

Journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»

1993 ـ يىل 1 ـ سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编辑出版：《天尔塔格》编辑部

地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号

电　　话：218897 邮政编码：830002

印　　刷：新疆科技卫生出版社印刷厂

国外总发行：中国出版对外贸易总公司（782信箱）

国内统一刊号CN 65－1012／I

邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر

تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 ـ خەت ساندۇقى)

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / I

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 ـ 83

零售价：1.20元

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن